بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中國穆斯林

# المسلم الصيني

3

2000

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيە زۇڭتۇڭى ھافىز ئەسەدنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى



ئىسمائىل ئەھمەد دەمەشقتە ھافىز ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ ئوغلى، سۈرىيەنىڭ ھازىرقى زۇڭتۇڭى بەششار ئەسەد بىلەن قىزغىن سۆھبەتتە بولدى.



ئىسمايىل ئەھمەد دەمەشققە كەلگەندە سۈرىيە زۇڭلىسى مۇستەفا مىرۇ ئايرودرومغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.



ئىسمائىل ئەھمەد ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا II بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى.



ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيە مىنىستىرلىرى بىلەن قىزغىن سالاملاشتى.
(سۈرەتلەرنى باۋ شۈچۈەن تەمىنلىگەن)

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي [illegible]تېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۆت ئىسلام دۆلىت[illegible] بولدى



تۆمۈر داۋامەت ئىئوردانىيە كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى سەئىد بىلەن بىللە.



تۆمۈر داۋامەت لىۋان پالاتاسىنىڭ باشلىقى بېررى بىلەن سۆھبەتتە.



تۆمۈر داۋامەت كۇۋەيت پالاتاسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ئەنجارى بىلەن سۆھبەتتە.



تۆمۈر داۋامەت يەمەن پالاتاسىنىڭ باشلىقى ئەھمەرگە ئۆزىنىڭ يېقىندا نەشر قىلىنغان «شېئىرلار توپلىمى»نى تەقدىم قىلدى. (سۈرەتلەرنى ئەكبەر غۇلام تەمىنلىگەن)

## مۇندەرىجە


### ئالاھىدە خەۋەرلەر

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيە زۇڭتۇڭى ھافىز ئەسەدنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى ...................... ئادىل ھاجى كېرەم(3)

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۈت ئىسلام دۆلىتىدە زىيارەتتە بولدى ...................... ئەكبەر غۇلام(5)

3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز - تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى ............ بارات رەجەپ(6)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

"ساۋاب"نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە ............ ...................... ئابدۇۋاھاب سۇڭ ئېنلىن(8)

### قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى— «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنلىرى ............ ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ(12)

### ئىسلام ئەقىدىلىرى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ بايانى ............ ...................... ئابلەھەت قۇربان(28)

ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ! ...... ...................... مەمتىمىن سېيت(36)

### ۋەز - تەبلىغ

ئەپۇچان، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ...................... ئىبراھىم ما فېڭكۇي(38)

### دىنىي زاتلىرىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئىسلام دىنىدىكى ئەمرىمەرۇپ (ياخشىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەش) ۋە نەھى-مۇنكەر (يامانلارنى يامانلىقتىن توسۇش) توغرىسىدا ... ...................... ئابدۇرەھمان ئىسمائىل(41)

### خەلقئارالىق دوستانە بېرىش-كېلىشلەر

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن 13-نۆۋەتلىك "دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقلىقى"يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدى ...................... چاڭ چېڭلياڭ(43)

مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى 12-نۆۋەتلىك "ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەش مەجلىسى"گە قاتنىشىپ كەلدى ...................... ھاجى مەھمۇدى(44)


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)


باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: بارات رەجەپ
تېخنىكا تەھرىرى: مۇھەممەدتۇردى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شەمشىنۇر ھۇشۇر
بېسىقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
تېل: 83520073 63513181 (010) پوچتا نومۇرى:100053
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى 119-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 830001، تېل: 2566193 (0991)

主　办:中国伊斯兰教协会
编辑出版:《中国穆斯林》维文编辑部
主　编:夏米西丁哈吉
副 主 编:巴拉提·热吉甫
技术编辑:买买提吐尔迪
封面设计:夏美希努尔
印　刷:中央民族大学印刷厂
发行订阅:《中国穆斯林》维文编辑部
(北京市宣武区南横西街 103 号)
邮政编码:100053
电话:(010)63513181 83520073
新疆发行站:乌鲁木齐延安路 119 号
邮政编码:830001 电话:(0991)2566193

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتچى نوئمان ماشىيەن "يىراق شەرق ئىسلام دۇنياسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلدى .................. ئۆز مۇخبىرىمىز
ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ............ مۇستەفا(48)
ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى زىيارەت قىلدى .................. سۇ شىڭجى(49)
سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرەھمان سۇدەيس جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى ............................................ ئادىل ھاجى كېرەم(49)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى .......... بارات رەجەپ(50)
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلدى ..................................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(50)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى .................. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(51)
قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى ... ..................................... غالىبجان مۇھەممەد(51)
يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى يېزا-بازارلىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى .......... ئابلا تۇرسۇن(51)
چىرا ناھىيىلىك 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى ...... مۇھەممەد رېھىم(52)

## ئىسلام مائارىپى

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ يېڭىدىن تەكشۈرگەن رەھبەرلىكى ئېلان قىلىندى .............. ھاجى مەھمۇدى(53)
جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى .............. ھاجى مەھمۇدى(53)
قەشقەر ۋىلايىتىدە ۋەز-تەبلىغچىلەر كۇرسى ئېچىلدى.............. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(54)
ئىلى ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش ئورنىدا 3-قارارلىق ۋەزىپىدىكى ئىماملار كۇرسى ئېچىلدى .............. ئۆمەر مافاڭ(54)
يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 13-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى ...... ..................................... ئابلا تۇرسۇن(55)
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 9-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلار كۇرسى ئاخىرلاشتى .......... ..................................... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(56)
قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇنجى قارارلىق غەسساللار كۇرسى ئېچىلدى .............. ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(56)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ونسۇ ناھىيىسىدىكى، توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىسىدىكى، مارالبېشى ناھىيىسى ئالاغىر يېزىسىدىكى، 50-تۈەندىكى تۆھپىكار دىنىي زاتلار ..................................... مۇتەللىپ ئابدۇراخمان، ئەسقەر قۇسەيىن، شاھمەردان ئىمىننىياز، ئوسمانجان بارات، ئازاتگۈل رىشىت، رەيھانگۈل تۇراق، مۇكەررەم قۇربان(57)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

51-تۈەندىكى، 53-تۈەندىكى، خۇشۇت ناھىيە خۇيزۇ مىللىي يېزىسىدىكى ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار .............. ..................... مۆمىنجان قادىر، ئەنۋەر قادىر، ھەسەنجان قارى، مەلىكە روزى، ھامۇتجان(58)

## ئىسلام كالېندارى

ھېيت-ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى (باش قىسمى ئۆتكەندىكى سانلاردا) .............. شەمشىدىن ھاجى (60)
ھىجرىيە 1421-يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقتى جەدۋىلى (ئورۇمچى ۋاقتى) .............................. مۆھتەرەم ھاجى(62)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرىدىن ئۈمىد .............................. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(63)
ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر .............................. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى(59)

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: قاراقاش ناھىيە بازار چوڭ جامە ھويلا ئىچى كۆرۈنۈشى          سۈرەتنى ياڭقۇن سىراجى تەمىنلىگەن

★2000-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى★

# جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيە زۇڭتۇڭى ھافىز ئەسەدنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى

سۈرىيە زۇڭتۇڭى ھافىز ئەسەد يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ 6-ئاينىڭ 10-كۈنى ۋاپات بولدى. ھافىز ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەد 6-ئاينىڭ 12-كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن سۈرىيەنىڭ پايتەختى دەمەشققە ئالايتەن كەلدى.

6-ئاينىڭ 13-كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ھافىز ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ تاۋۇتى قورۇقلۇق، دېڭىز ۋە ھاۋا ئارمىيىسىدىن ئون قوماندانىنىڭ كۆتىرىپ مېڭىشى بىلەن، ھەربىي ئوركېستىرنىڭ باشلامچىلىقىدا زۇڭتۇڭ ئوردىسىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، ئۇمەۋىييە مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلدى، ئۇمەۋىييە مەيدانىدا ۋە تاۋۇت ئۆتكەن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاللىبۇرۇن كۈتۈپ تۇرغان دەمەشىق خەلق ئاممىسى قوللىرىغا قارا ياغلىق ۋە زۇڭتۇڭنىڭ سۈرىتىنى كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر قايغۇ-ھەسرەت بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سۆيۈملۈك داھىسى ۋە قوماندانى بىلەن ئاخىرقى رەت ۋىدالاشتى. ئەتىگەن سائەت 10دا زۇڭتۇڭنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى دەمەشىق بۈيۈك خەلق سارىيىدا رەسمىي باشلاندى، بۈيۈك خەلق سارىيى ئەسەد زۇڭتۇڭ ھايات ۋاقتىدا ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئورۇن بولۇپ، مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى بۈيۈك خەلق سارىيىغا قويۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن سۈرىيەنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي رەھبەرلىرى، ئاندىن ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر ئۆمكى رەت بىلەن زالغا كىرىپ مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى ئالدىدا سۈكۈتتە تۇرۇپ تەزىيە بىلدۈردى. ۋىدالىشىش مۇراسىمى رەسمىي ئاياغلىشىپ مەرھۇمنىڭ تاۋۇتى كىشىلەرنىڭ قاتتىق قايغۇ-ھەسرەت يىغىسى ئىچىدە خەلق سارىيىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، ئۇنىڭ ئائىلە جەمەتى ۋە سۈرىيەنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن يۇرتى قىرداھەگە ئېلىپ بېرىلدى. ئۇ يەردە سۈرىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئۆزلىكىدىن كەلگەن ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئامما ئىنتايىن قايغۇلۇق كەيپىياتتا ئۆزىنىڭ قەدىرلىك ئۇستازى، داھىسى ۋە قوماندانى بىلەن ۋىدالاشتى. ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ تاۋۇتى ئائىلە جەمەتىنىڭ قەبرىگاھىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن نائىسە خانىم مەسچىتىدە نامىزى چۈشۈرۈلدى، ئاندىن شۇ مەسچىتكە جايلاشقان ئائىلە جەمەتى قەبرىگاھى ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

بۇ قېتىم دەمەشىق بۈيۈك خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا 150دىن ئارتۇق ۋەكىللەر ئۆمكى ئىشتىراك قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 14 دۆلەت باشلىقى، 40 نەچچە دۆلەت رەھبىرى ۋە ۋەكىلى بار

ئىسمائىل ئەھمەد شۇ كۈنى دەمەشىقتە ئۆتكۈزگەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، ھەمدە سۈرىيە قوراللىق قىسمىنىڭ باش قوماندانى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە رەئىسىنىڭ بىردىن بىر نامزاتى بەششار ئەسەد گېنرال بىلەن سەممىي دوستانە سۆھبەتتە بولدى. ئىسمائىل ئەھمەد ئۇنىڭغا رەئىس جياڭ زېمىن ۋە زۇڭلى جۇ رۇڭجىنىڭ ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ ۋاپاتىغا يوللىغان چوڭقۇر تەزىيىسىنى، سۈرىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە يوللىغان ئەڭ سەممىي ھال سوراش كۆڭلىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: "ئەسەد زۇڭتۇڭ سۈرىيە خەلقىنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشكەن، سۈرىيەنىڭ مۇستەقىللىقى، ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مىللەت ئىززىتىنى قوغداش، سۈرىيەنى گۈللەندۈرۈش ۋە روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان. ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى تىنچلىق سۆھبىتى ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئوتتۇرا شەرق رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ سۈرىيە خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر داھىسى، خەلقئارادا يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھۆرمەتلىك دوستى، ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن، جۇڭگونىڭ بىر قانچە دەۋر رەھبەرلىرى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىز رەھبەرلىرى بىلەن ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، جۇڭگو-سۈرىيە ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. بولۇپمۇ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئىككى تەرەپنىڭ

يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ بېرىپ-كېلىشى ئۈزۈلمىدى، جۇڭگو-سۈرىيە ئىككى تەرەپنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى سۈرىيە بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى قەدىرلەيدۇ، ھەمدە بۇرۇنقىدەكلا سۈرىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە ھۆرلىكىنى قوغداشتىكى ھەققانى ئىشلىرىنى قوللايدۇ. بىز سۈرىيەگە كېلىش بىلەنلا، سۈرىيە خەلقىنىڭ جانابلىرىنى ئىززەتلەپ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق، جانابلىرىنىڭ ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ ئىش ئىزلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەل قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقىڭىزغا، جۇڭگو-سۈرىيە ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئاللىبۇرۇن شەكىللەنگەن دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىغا ۋە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز". بەششار ئەسەد جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دوستلۇق ھېسسىياتىغا تەشەككۈر ئېيتتى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا تەشەككۈر بىلدۈردى ۋە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: "ئەسەد زۇڭتۇڭ ھايات ۋاقتىدا جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك بېرىپ-كېلىش زىيارىتىنىڭ داۋاملىق بولۇپ تۇرۇشىنى ۋە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق يۈكسىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن".

ئىسمائىل ئەھمەد دەمەشققە يېتىپ كەلگەندە، سۈرىيەنىڭ زۇڭلىسى مۇستەفا مىرو ۋە ئىككى مۇئاۋىن زۇڭلى شۇنىڭدەك بەش مىنىستىر ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى. ئىسمائىل ئەھمەد جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. مىرو زۇڭلى: سۈرىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە بۇنى سۈرىيە-جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر دوستلۇقنىڭ روشەن گەۋدىلىنىشى، دەپ قارىدى.

ئىسمائىل ئەھمەد يەنە سۈرىيە گۈللىنىش پارتىيىسى مىللىي رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ مۇئاۋىن باش سېكرېتارى، رايون رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ سېكرېتارى، ئىككى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ، پارلامېنت باشلىقى، مۇئاۋىن زۇڭلى قوشۇمچە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە ئۇلارغا مەملىكىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

سۈرىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىسمائىل ئەھمەد يەنە دەمەشقتىن 67 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گۈلان ئېگىزلىكىدىكى قۇنەيترە ئۆلكىسىگە زىيارەتكە باردى. قۇنەيترە ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى خەدىم مىرزا ئەپەندى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىناسىدا ئىسمائىل ئەھمەدنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىسمائىل ئەھمەد سۈرىيەدىكى مەزگىلىدە يەنە قەدىمقى ئۇمەۋىييە مەسچىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگونىڭ سۈرىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا بېرىپ ئەلچىخانىدىكى خىزمەتچى خادىملاردىن سەمىمىي ھال سورىدى.

ئىسمائىل ئەھمەد مەرھۇم ھافىز ئەسەدنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلغان بەزى دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىئوردانىيەنىڭ پادىشاھى ئابدۇللا، ياپونىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى خې يې ياڭپىڭ قاتارلىقلار بار.

6-ئاينىڭ 12-كۈنى كەچتە، ئىسمائىل ئەھمەد يەنە سۈرىيەنىڭ چوڭ ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى.

بۇ قېتىم سۈرىيە ھۆكۈمىتى مەملىكىتىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچى ئەۋەتىپ ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتۇرغانلىقىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بىلەن قارىدى. ئىسمائىل ئەھمەدنى ئالىي دەرىجىدە كۈتۈۋالدى. ئىسمائىل ئەھمەد دەمەشققە يېتىپ كەلگەندە، سۈرىيەنىڭ زۇڭلىسى مۇستەفا مىرو ۋە باشقا رەھبەرلەر ئايرودرومدا كۈتۈۋالدى، سۈرىيەنىڭ قاتناش نەقلىياتى ۋەزىرى ۋەجىھ ئەپەندى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ پائالىيەتلىرىگە باشتىن-ئاخىر ھەمراھ بولدى، سۈرىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ دەمەشققە يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە ئەسەد زۇڭتۇڭنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلغان ئەھۋاللىرىنى نەق مەيداندا خەۋەر قىلدى، سۈرىيەنىڭ «ئۆكتەبىر»، «گۈللىنىش» قاتارلىق گېزىتلىرى يېزىق-سۈرەتلىك خەۋەر بەردى.

**(ئادىل ھاجى كېرەم)**

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت تۆت ئىسلام دۆلىتىدە زىيارەتتە بولدى

تۆمۈر داۋامەت بۇ يىل 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە ئىئوردانىيە پايتەختى ئاممانda ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقايسى ئەللەر پارلامېنتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ 103-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپكە بىنائەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، لىۋان، كۇۋەيت، يەمەنلەردە رەسمىي دوستانە زىيارەتتە بولدى.

بۇ دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنتى ۋە ھۆكۈمىتى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى بۇ ئۆمەككە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە بۇ ئۆمەكنى قىزغىن، دوستانە كەيپىياتتا ھەم ئالىي دەرىجىدە كۈتۈۋالدى. تۆمۈر داۋامەت ئىئوردانىيەدىكى مەزگىلىدە، ئىئوردانىيە پادىشاھى ئابدۇللا Ⅱ ، شاھزادە ھەسەن، پارلامېنت باشلىقى ماجارى، كېڭەش پالاتاسىنىڭ باشلىقى سەئىد قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشتى؛ لىۋاندىكى مەزگىلىدە، لىۋاننىڭ باش ۋەزىرى (زۇڭلىسى) خۇس، پارلامېنت باشلىقى بېررى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى ۋە لىۋان پارلامېنتى خارجى ئىشلار ھەيئىتىنىڭ رەئىسى خەلىلى بىلەن سۆھبەتتە بولدى؛ كۇۋەيتتىكى مەزگىلىدە، كۇۋەيت ئەمىرى جابىر، ۋەلىئەھد قوشۇمچە باش ۋەزىر سائىد، بىرىنچى مۇئاۋىن باش ۋەزىر قوشۇمچە دىپلوماتىيە ۋەزىرى سەبەھ قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى، پارلامېنت باشلىقى خىلەفى ئەنگلىيىدە داۋالىنىۋاتقاچقا، مۇۋەققەت پارلامېنت باشلىقى ئەنجارى بىلەن سۆھبەتتە بولدى؛ يەمەندىكى مەزگىلىدە، تۆمۈر داۋامەت يەمەننىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلىدى ۋە يەمەن زۇڭتۇڭى سالىھ، پارلامېنت باشلىقى ئەھمەد، پارلامېنتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى ئابدۇل ۋەھھاب ۋە يەھيالار بىلەن كۆرۈشتى.

تۆمۈر داۋامەت كۆرۈشۈش، سۆھبەتتە بولۇش داۋامىدا، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىپ رەھبەرلىرىگە رەئىس جياڭ زېمىن، دائىمىي كومىتېت باشلىقى لى پېڭ، زۇڭلى جۇ رۇڭجىلارنىڭ سەمىمىي سالىمى ۋە تىلەكلىرىنى يەتكۈزدى، بۇنىڭغا بۇ دۆلەتلەر رەھبەرلىرى تەشەككۈر ئېيتتى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەتتىن رەئىس جياڭ زېمىنغا، كومىتېت باشلىقى لى پېڭغا، زۇڭلى جۇ رۇڭجىغا ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىرامى ۋە سالىمىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

بۇ قېتىمقى زىيارەت مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ ئەللەرگە بولغان چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى، مەملىكىتىمىزنىڭ بۇ ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يۈكسەلدۈردى، بۇ دۆلەتلەر رەھبەرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ تەسىر ۋە رولىغا، مەملىكىتىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قارىدى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بويانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋە دىپلوماتىيە سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك مەدھىيەلەشتى ھەمدە ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلىرى ئارىسىدىكى ئۆزئارا زىيارەتنى كۆپەيتىشنى، ھەر قايسى ساھەلەردىكى دوستانە ھەمكارلىقنى داۋاملىق كۈچەيتىشنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

تۆمۈر داۋامەتمۇ مەملىكىتىمىز بۇ ئەللەر بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقاندىن كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاج تاپقانلىقىنى، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا پايدا يەتكۈزۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان سەمىمىي دوستلۇقى ۋە خەلقئارالىق ئىشلاردىكى بىر-بىرىنى چۈشىنىشى، قوللىشى ۋە ھەمكارلىقىنى ئالاھىدە ماختىدى؛ بۇ ئەللەرنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش، مىللىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن چىن قەلبىدىن خۇشاللانغانلىقىنى بىلدۈردى؛ شۇنداقلا مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇۋاتقان، ئىقتىساد گۈللىنىۋاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاق بولۇپ، جەمئىيەت يۈكسىلىۋاتقان ۋەزىيىتىنى بۇ ئەللەر رەھبەرلىرىگە تونۇشتۇردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەللەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنە بىر قەدەم راۋاجلاندۇرۇش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى ھەم بەزى ئەللەر رەھبەرلىرىنى مۇۋاپىق كۆرگەن پەيتتە دۆلىتىمىزدە زىيارەتتە بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

(ئەكبەر غۇلام)

www.uyghurkitap.com

# 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، كەڭ خاتىپ-ئىماملارنىڭ ۋەز-تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزئارا ئۆگىنىش ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 5-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا 3-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى.

مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 25 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن بولۇپ جەمئىي 92 نەپەر ۋەز-تەبلىغچى تاللىنىپ، دەسلەپكى باھالاپ بېكىتىشكە يوللانغانىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز، دۇڭشياڭ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 53 نەپەر مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچىنى تاللاپ مۇسابىقىگە قاتناشتۇردى، ئۇلارنىڭ 46 نەپىرى خۇيزۇ، بەش نەپىرى ئۇيغۇر، بىر نەپىرى دۇڭشياڭ، بىر نەپىرى قىرغىز، 48 نەپىرى ئەر، بەش نەپىرى ئايال بولۇپ، ھەممىسى ياش ئاخۇن-موللىلار، ئۇنىڭدىن باشقا ئايرىم يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇسابىقىنى كۆرۈشكە ۋەكىل ئەۋەتتى.

5-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇ نۆۋەتتىكى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى قۇرئان تىلاۋەت بىلەن باشلاندى. باشلىنىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدەررىس-تالىپلىرى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى بارلىق خاتىپ-ئىماملار، تەكلىپ بىلەن كۆرۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى. باشلىنىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جىنگۈي باشلىنىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى يەنە ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ئۈچ كۈن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ۋە ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار، موللىلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، خەنزۇ تىلى ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن لىيۇ زىيچاڭ ئاخۇن (خېنەندىن) بىرىنچىلىكنى، ياڭ دۇڭۋېن ئاخۇن (بېيجىڭدىن) ئىككىنچىلىكنى ۋە ياڭ جىنبو (جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. ۋۇ شۆشىڭ ئاخۇن (نىڭشيادىن)، ئەن جىيەنلۇڭ (جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى)، ۋاڭ گۈەنشۆ ئاخۇن (گۇاڭدۇڭدىن)، لى يەنشىن ئاخۇن (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىن) قاتارلىقلار مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى؛ ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئوبۇلھەسەن ئىمىن داموللا (خوتەن ۋىلايىتىدىن) بىرىنچىلىكنى، مۇھەممەد ئىمىن ئابدۇرەھىم (قەشقەر ۋىلايىتىدىن) ئىككىنچىلىكنى، سىراجىدىن ئابدۇرەھىم (تۇرپان ۋىلايىتىدىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ۋاڭ شيۇيەن (نىڭشيادىن)، ما جۈنشيا (گەنسۇدىن) مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

مۇسابىقە جەريانىدا، ۋەز-تەبلىغچىلەر ۋەز-تەبلىغنى «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە باشقا ئېتىراپ قىلىنغان دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرىئەت، ئىسلام ئەھكاملىرى، ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام پەلسەپىسى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە قانداق قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇن ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز-تەبلىغلەرنى ئېيتتى.

5-ئاينىڭ 19-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن باشقا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى

مەسئۇللىرى، جەمئىيىتىمىزنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، مەسلىھەتچى، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئامما ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 200دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاياغلىشىش مۇراسىمى شىنجاڭلىق موللام سىراجىددىن ئابدۇرەھىمنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلىشى بىلەن باشلاندى. مۇراسىمدا تۆت كىشى ئۆرنەك كۆرسىتىپ ۋەز-تەبلىغ قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي خۇلاسە نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ۋەز - تەبلىغ قىلىش مەملىكىتىمىزدىكى ئاخۇن، ئىمام، موللىلارنىڭ تۇرلۇك دىنىي بايراملار ۋە سورۇنلاردا، جۈمە كۈنلىرى مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىدىغان ئەنئەنىۋى دىنىي تەرغىبات ئۇسۇلىدۇر. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، دىنىي ئەھكام، شەرىئەت، دىنىي قائىدە، ئەمەل، ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرى، «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ مەزمۇنلىرى ۋە پەيغەمبەرلەر ھەم دانىشمەنلەر ئىش ئىزلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ۋەزنى ياخشى ئېيتىش كەڭ مۇسۇلمانلارنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى، دىنىي قائىدىلىرىنى توغرا بىلىش ۋە چۈشىنىش، دىنىي ئەمەللەرنى ئەستايىدىل بەجا كەلتۈرۈش، ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشقا توغرا يېتەكلەش بىلەن بىرگە ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئاتلىنىشقا يېتەكلەشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر دەرىجىلىك دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى، ماسلىشىشى ئارقىسىدا، يىرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاكتىپ تەييارلىق قىلىپ، بۇ قېتىمقى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈپ ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كەڭ ئاخۇن، ئىمام، موللىلار ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئاكتىپ تەسىر قوزغايدۇ“. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بىزنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىز كەڭ كۆلەملىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك بۇ دىنىي پائالىيەتنى ئاكتىپ يېتەكلەپ، ۋەز-تەبلىغنىڭ مەزمۇنىنى دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇش، ئىتتىپاق بولۇپ ئالغا بېسىش ئىدىيىسى ۋە يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەت بىلەن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت“. ئاخىردا مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىنى ئىپادىلەپ مۇنداق دېدى: ”مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق جايلاردىكى ئاخۇن، ئىمام، موللىلار ئاممىغا ۋەز-تەبلىغ ئېيتىشتىن ئىبارەت بۇ ئوبدان ئۇسۇلدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، ئېلىمىز ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل تارىخى، مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە يۈكسەك ئەخلاقىي-پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ ھەمدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ۋە قانۇن-تۈزۈم، سىياسەت تەربىيىسىنى ۋەز-تەبلىغ بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش، دىننى سۆيۈش روھىغا ئىلھام - مەدەت بېرەلەيدۇ، ھەمدە ئۆزئارا يېتىشىسىزلىك ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ”ئىلىم تەلەپ قىلىش ئۆشۈكتىن لەھەتكىچە بولۇر“، ”ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ تەھسىل قىلىڭلار“ دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى بارلىق دىنىي زاتلارنىڭ سەۋىيىسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشىغا تۈرتكە بولالايدۇ“.

ئاياغلىشىش مۇراسىمدا يەنە مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيۇڭ ۋە دۆلەت دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گو چېڭجېنلار سۆز قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بۇ پائالىيىتىنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە سۆزلەنگەن ۋەز-تەبلىغلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە سەۋىيىسىگە يۇقىرى باھا بەردى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئاياغلاشتۇرۇش نۇتقى سۆزلەپ، مۇسابىقە قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ئارقىلىق بىر-بىرىنىڭ ياخشى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشى، ئىسلام دىنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# «ساۋاب»نىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە

## —قوشۇمچە ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى-يامانلىق كۆز قارىشى ھەققىدە

ئابدۇۋەھاب سۇلى ئېلىن

"ساۋاب" (الثواب) دېگەن ئەرەبچە سۆز "تارتۇق"، "ئىنئام"، "ھەق" دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتىدە "مۆمىنلەر خەيرلىك ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئاللا ئۇلارغا ئەمەللىرىگە چۇشلۇق ساۋاب بېرىدۇ" دېگەننى كۆرسىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: **"ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە (سېھىرنى تاشلاپ) ئاللادىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) ئاللانىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى"** (2-سۈرە «بەقەرە»، 103-ئايەت). شەرىئەت مەنىسىدىكى "ھەق" شۈبھىسىزكى، ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى، ئىبادەتلىرىنىڭ تەقۋالىق دەرىجىسىگە قارىتا ئاللا تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھەق بولۇپ، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمەللىرى بىلەن سەۋەبىيەتچىلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن "ساۋاب" ئىنسانلارنىڭ "ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشى"، "ئىتائەتمەنلىكى" بىلەن زىچ ئالاقىدار. ۋەھالەنكى، ياخشى ئەمەللەرنى ئادا قىلىشنىڭ ئۆلچىمى كۆپىنچە بۇ دۇنيادىلا ئىپادىلىنىدۇ، ئېرىشىدىغان "ساۋاب"نىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى بولسا، ئاخىرەتتە گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتكە باي بولغان "ياخشى-يامانلىق كۆز قارىشى"دۇر. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىسلام دىنى جەمئىيەت، شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپلىگەن قانۇنىي مىزانلارنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا، يامان ئىشلارنى قىلماسلىققا ئۈندەيدۇ، "ساۋاب" بولسا، مانا مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ مۇناسىپ نەتىجىسى ۋە گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### "ساۋاب" ماس كېلىدىغان كاتېگورىيە.

ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ئىدىيىسىدىكى «ساۋاب» كۆز قارىشى، پەقەت شەرىئەت مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارغىلا يەنى ئىجتىمائىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغۇچىلارغىلا قارىتىلغان. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەر تۈرلۈك ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن قوبۇل قىلالايدۇ، شۇڭا، بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلار ئۈچۈن "ساۋاب "مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنداقتا، خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان غەيرىي مۇسۇلمانلارمۇ "ساۋاب"قا ئېرىشەلەمدۇ؟ فەقىھلەر ئىچىدە غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ خەيرلىك ئىشلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرىكى خەيرلىك ئىشلىرى ساۋابقا ئېرىشەمدۇ-يوق، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تا ھازىرغىچە ئىختىلاپ مەۋجۇت. ھەكىم ھەزىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

---

شەرىئەت ئىلمى، دىنى ئەھكاملىرى، ئىبادەت، ئەمەل، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرى، تارىخى، مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئىنسانلار تارىخى، مەدەنىيىتىنى بولۇپمۇ جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە شانلىق تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى: " پەقەت كەمتەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەندىلا، ئىلىم جۇغلانمىسىغا ئىگە بولۇپ، بىلىم دائىرىسى كەڭ، كۆڭۈل-كۆكسى كەڭ ئاخۇن، ئىمام، موللا بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىسلامى بىلىمى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىغا ۋەز-نەسىھەت قىلالايدۇ. ۋەز-تەبلىغ قىلىشتا باشقىلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلىش بىلەنلا قالماي، ئالدى بىلەن ۋەز-تەبلىغچى ئۆزى شۇ ۋەز-تەبلىغدا دەۋاتقان ئەقىدىلەرگە ئاكتىپ رىئايە قىلىشى، شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا باشلامچى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا بۇنداق ۋەز-تەبلىغنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە ئالغا يېتەكلەش رولى بولىدۇ".

ئاخىردا، رەھبەرلەر مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شەخسلەرگە مۇكاپات تاختىسى، گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. مۇراسىم مۇسابىقىنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلاشقانلىقىغا ئاتاپ قىلغان دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتى.

(بارات رەجەپ)

مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: ئى ئاللانىڭ ئەلچىسى، مەن ئىمان ئېيتىشتىن ئىلگىرى مېيت يۇيۇش، سەدىقە بېرىش، قۇللارنى ئازاد قىلىش، تۇغقانلارغا يارىيۆلەكتە بولۇش قاتارلىق خەيرلىك ئىشلارنى قىلغانىدىم، بۇ ئىشلىرىم ھېسابىغا ساۋابقا ئېرىشەلەمدىمەن؟ دەپ سورىغانىدىم. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "سەن ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ ئاساسىدا ئىمان ئېيتقان" دېدى. بۇ، سېنىڭ ھازىرقى ئىبادەتلىرىڭ ھەم ئىلگىرى قىلغان ياخشى ئەمەللىرىڭ قوشۇلۇپ ھەممىسى ساڭا مەنسۇپ بولىدۇ دېگەنلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە غەيرىي مۇسۇلمان بىرسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان ۋاقىتتا مالارىپقا ياردەم بېرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، سەدىقە بېرىش، باشقىلارغا رەھىمدىللىك قىلىش قاتارلىق خەيرلىك ئىشلارنى قىلغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇ خەيرلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ساۋابقا ئېرىشىدۇ. بۇ بىر خىل قاراش. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپ ساندىكى ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشىچە، ئەگەر بىر كىشى ئۆمرىدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، ئەمما باشتىن-ئاخىر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان (ئىمان ئېيتمىغان) بولسا ئۇنىڭغا "ساۋاب"تىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت بۇ دۇنيادا ياخشى ئىشلارنى قىلغان دېگەن ياخشى نامدىنلا بەھرىمەن بولىدۇ. خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېيتقىنىدەك: "ئاللا تائالا مۆمىنلەرنىڭ ھەرقانداق خەيرلىك ئەمەللىرىنى يەردە قويمايدۇ، ئۇلارنىڭ خەيرلىك ئەمەللىرى ئۈچۈن ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شان-شەرەپكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئاخىرەتتە ساۋابقا ئىگە قىلىدۇ؛ ئىمانسىزلار بولسا قىلغان ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن بۇ دۇنيالىقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئاخىرەتتە ساۋابقا ئېرىشەلمەيدۇ".

## ساۋابقا ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرى

ئىسلام ئىلمى كالامشۇناسلىقىدا قارىلىشىچە، ئىنسانلار ئاللانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ، شۇنداقلا ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىش دەرىجىسى بويىچە ساۋابقا ئېرىشىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگىنىدەك: "كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ؛ كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ" (99-سۈرە «بەيىنە»، 7-، 8-ئايەتلەر). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللا مۆمىنلەرنىڭ ھەرقانداق خەيرلىك ئەمەللىرىنى يەردە قويمايدۇ". ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمانلارنى ياخشى ياشاش ئېتىقادىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىرمۇنچە مەجبۇرىيەتلەر ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قىلىشقا بولىدىغان ياكى ساقلىنىدىغان ئىشلار بەلگىلەنگەن، ھارام ۋە مەكرۇھ ئىشلارنىڭ چەك-چېگرىسى ئايرىلغان. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىشلارغا رىئايە قىلىش-قىلالماسلىقى، رىئايە قىلىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى ھەربىر كىشىنىڭ مۇشەررەپ بولىدىغان ساۋابىنىڭ ئاز-كۆپ بولۇشىدىكى بىۋاستە سەۋەبتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، ساۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان ھەل قىلغۇچ شەرت "نىيەت قىلىش" يەنى قىلماقچى بولغان ئەمەلنىڭ مەقسىتىنى روشەنلەشتۈرۈش شۇنداقلا مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى بەجا كەلتۈرۈش لازىم. شۇڭا، ساۋاب ئەمەلنىڭ ئاخىرەتتىكى گەۋدىلىنىشى، "نىيەت قىلىش" بولسا بۇ ئىككىسى ئارىلىقىدىكى ۋاستە دەپ ئېيتىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "بارلىق ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ". بۇ، ساۋابقا ئېرىشىش ياكى ئېرىشەلمەسلىك كۆپ جەھەتتىكى نىيەتنىڭ چىن يۈرەكتىن قىلىنغانلىقى ياكى قىلىنمىغانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دېگەنلىكتۇر. ئىسلام دىنىدىكى "ساۋاب" كۆز قارىشى ئەمەلنىڭ توغرا بولۇشىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە بەلگىلىك نىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. تۆپىنىگىزدىن ئېيتقاندا، بىر كىشى ھېچقانداق ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدىمۇ، مەلۇم دەرىجىدىكى ساۋابقا نائىل بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ساۋاب دۇرۇس نىيەت ئۈچۈن بېرىلگەن ساۋابتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى كۆڭلىدە خەيرلىك ئىشلارنى قىلىشنى نىيەت قىلسا، بۇ ئىشلارنى قىلالمىغان بولسىمۇ، ياخشى نىيىتى ئۈچۈن ساۋابقا نائىل بولىدۇ". بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مۇسۇلمانلاردا باشقىلارغا نىسبەتەن ئاق كۆڭۈللۈك ۋە باشقىلارغا ياخشىلىق يەتكۈزىدىغان نىيەتنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىمدۇر.

## ساۋاب كىشىلەرنىڭ ئەمەللىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر

مۇسۇلمان سۈپىتىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ئۈچۈن مۇكاپاتلىنىشى ياكى گۇناھى ئۈچۈن جازالىنىشىنى ئۇ كىشىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەلپىگە ماسلىشالىغان - ماسلىشالمىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇنلاشقان - ئۇيغۇنلىشالمىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلغان - قىلمىغانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئۇنداقتا، مەلۇم ئەمەلنى ئادا قىلمىغان كىشى باشقىلارنىڭ تولۇق ئادا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلغان ئەمەللىرى ھېسابىغا مەنپەئەتلىنەلەمدۇ؟ باشقىلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى ھېسابىغا مۇكاپاتلىنالامدۇ؟ ئۆلىمالار بۇ ھەقتە تۇرلۇك قاراشلارنى قويۇشقان. ھەنەفىي ۋە ھەنبەلى مەزھەپىدىكى فەقىھلەرنىڭ قارىشىچە، ئادا قىلغان ئەمەللەرنىڭ يەنى ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، سەدىقە بېرىش، ئاللاغا ھەمدۇسانا ئېيتىش قاتارلىق ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى باشقىلارغا ئاتاشقا بولىدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە دېيىلگىنىدەك: ”ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: ’پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دەيدۇ“ (59-سۈرە «ھەشر»، 10-ئايەت)، «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”بىلگىنكى، ئاللادىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن“ (47-سۈرە «مۇھەممەد»، 19-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەينى ۋاقىتتا ئىككى قوي قۇربانلىق قىلىپ، ئۇنىڭ بىرىنى ئۆزىگە، يەنە بىرىنى جامائەتكە ئاتىغان. ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: ”ئەينى ۋاقىتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىككى سېمىز قوينى قۇربانلىق قىلغان. بىر قوينى ئاللانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئاتىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى ھەربىر كىشىگە تەگكەن، يەنە بىر قوينى بولسا ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ئاتىغان“.

مالىكىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى مالىك ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇشتىن باشقا ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى باشقىلارغا ئاتاشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. شافىئىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى شافىئىي ناماز ئوقۇشتىن باشقا ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى باشقىلارغا بېرىشكە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ھەر بىر كىشىگە تەنھا مەنسۇپ بولىدىغان ئەمەللەر بولۇپ، ھايات ۋاقتىدا ئۇلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ساۋابى باشقىلارغا تەگمەيدۇ.

## ھېيتكە ئوقۇلغان «قۇرئان»نىڭ ئۇنىڭغا ساۋابى بولۇش - بولماسلىقى توغرىسىدا

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ خىل ئىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، باشقىلارغا بەرگەن سەدىقىسى؛ يەنە بىرى باشقىلارغا بەرگەن بىلىمى؛ يەنە بىرى بولسا ئۇنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇچى پاك پەرزەنتىدۇر“.

ئىسلام دىنىدىكى ھەرقايسى ئېقىمغا تەۋە بولغان فەقىھلەر ئىچىدە بۇ خىل ساۋابنىڭ مېيىتكە يېتىدىغان-يەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىلاپلار تۇغۇلغان بولۇپ، بۇ ئىختىلاپلار چوڭ جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈنگەن:

1. ھەنبەلى مەزھەپىدىكىلەر ”يېتىدۇ“ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ”مەرھۇم ئۆزىنىڭ ھايات چېغىدا ئادا قىلغان بارلىق ئەمەللىرى بىلەن، مەسىلەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىقلار بىلەن ساۋابقا نائىل بولىدۇ. بىراق، ئۇ بۇ ئەمەللەرنى چوقۇم چىن كۆڭلىدىن ئادا قىلغان بولۇشى، نىيىتى چوقۇم ئىخلاس بىلەن بولۇشى لازىم“ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئەگەر قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىنىڭ مۇددىئاسى ساپ بولمايدىكەن، تىلاۋەت قىلغان قۇرئاننىڭ ھېچقانداق ساۋابى بولمايدۇ دېگەنلىكتۇر.

2. كۆپ ساندىكى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشىچە، مەرھۇمغا ساۋابى ئەڭ كۆپ تېگىدىغان ئەمەللەر مەرھۇم ئۈچۈن ”سەدىقە بېرىش“، ”دۇئا - تىلاۋەت قىلىش“، ”بەدەل ھەج قىلىش“تىن ئىبارەت. مەرھۇم ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» تىلاۋەت قىلغاندا نىيەت چوقۇم ساپ بولۇشى كېرەك، شۇندىلا بۇ تىلاۋەت قوبۇل بولىدۇ، خەير - ساخاۋەت يەتكۈزۈش مەقسىتىدە ئۇيۇشتۇرۇلغان باشقا بارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىدىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: ”ئۇلاردىن كېيىن كەلگەنلەر: ’پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە ۋە بىزدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەغپىرەت قىلغىن، دىللىرىمىزدا مۆمىنلەرگە قارشى دۈشمەنلىك پەيدا قىلمىغىن، پەرۋەردىگارىمىز! سەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، مېھرىبانسەن‘، دەيدۇ“ (59-سۈرە «ھەشر»، 10-ئايەت). ”گۇناھىڭ ئۈچۈن، ئەر-ئايال مۆمىنلەر ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن“ (47-سۈرە «مۇھەممەد»، 19-ئايەت).

ئەينى ۋاقىتتا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغاندا، ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلغان ھەمدە يېنىدىكى كىشىلەرنىڭ مەرھۇمغا سالام بېرىشىنى تاپىلىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن: ئانام تۇيۇقسىز ۋاپات قىلدى، مەن ئۇنىڭغا ئاتاپ سەدىقە بېرەي دەيمەن. مېنىڭ بەرگەن سەدىقەمنىڭ ئانامغا ساۋابى بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام: "بولىدۇ" دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىمام ئەھمەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ياسىن "سۈرىسى («قۇرئان كەرىم»نىڭ 36 ـ سۈرىسى) «قۇرئان كەرىم»نىڭ يۈرىكى، بۇ سۈرىنى ئوقۇغان كىشى ئاللانىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشىدۇ، سىلەر مەرھۇملار ئۈچۈن مۇشۇ سۈرىنى ئوقۇڭلار!".

3. بەزى ئالىملار نوقۇل ئۆزى ئادا قىلغان ئەمەلدە پەقەت مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ نىيەت قىلغان شارائىتتىلا، مەرھۇم ئاندىن ئۇنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭ ساۋابى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. تۇپراق بېشىغا ئۆزى چىقىپ ياكى باشقىلارنى تەكلىپ قىلىپ مەرھۇمنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت ئوقۇشقا بولامدۇ-بولمامدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە، بەزى ئالىملار تۇپراق بېشىدا قىرائەت قىلىش "مۇستەھەب" بولۇپ، ئۇنىڭ ساۋابى قىرائەت قىلغۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ، مەرھۇم ئۇنىڭ "شەرىپى"گە، "رەھمىتى"گە مۇيەسسەر بولىدۇ، قىرائەتتىن كېيىنكى دۇئا مەرھۇمنىڭ روھىغا تېگىدۇ دەپ قارايدۇ. مالىكىي مەزھىپىنىڭ پېشۋاسى مالىك بۇنى «مەكروھ» دەپ قاراشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بىراق، بۇ مەزھەپنىڭ كېيىنكى ئالىملىرى بۇنىڭ ساۋابى مەرھۇمغا مەنسۇپ بولىدۇ دەپ قارىغان. ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەر بارلىق ئەمەللەر جۈملىدىن نەپلە ناماز، نەپلە روزا، سەدىقە، قىرائەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە پەقەت نىيەت دۇرۇس بولسىلا، بۇ ئەمەللەرنىڭ مەرھۇمغا ساۋابى تېگىدۇ، خۇددى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "سىلەر مەرھۇملارنىڭ روھىغا ئاتاپ سۈرە «ياسىن»نى ئوقۇڭلار" دېگىنىدەك، دەپ قارايدۇ.

## "ساۋاب" ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى-يامانلىق كۆز قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن

ئىسلام دىنىدا، مۇسۇلمانلار بۇ دۇنيادا تەقۋادارلىق بىلەن ئاللاغا ئېتىقاد قىلىپ، تەۋرەنمەستىن ھىدايەت يولىدا ماڭىدىكەن، شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن دىنىي ئەمەللەرنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يامان ئىشلاردىن قول ئۈزۈپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئۆزىگە، باشقىلارغا، جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدىكەن، ئاللا ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا خۇشاللىق، ئاسايىشلىق ۋە بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلىدۇ، ئاخىرەتتە ئۇ جەننەتتىن ئورۇن ئېلىپ، "باقىي قالىدىغان" ياخشى ئەمەللەر ساۋابىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللا ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ ھىدايىتىنى زىيادە قىلىدۇ. باقىي قالىدىغان ياخشى ئەمەل ساۋاب جەھەتتىن ۋە ئاقىۋەت جەھەتتىن پەرۋەردىگارىڭنىڭ دەرگاھىدا ئارتۇقتۇر" (19- سۈرە «مەريەم»، 76-ئايەت)؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ دۇنيادا كىمكى تېگىشلىك جازاغا ئۇچرايدىكەن، ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئېغىر گۇناھلىرى بىلەن دوزاخقا كىرىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مۆمىن ئادەم پاسىق ئادەمگە ئوخشامدۇ؟ ئۇلار (ئاخىرەتلىك ساۋابتا) باراۋەر ئەمەس. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ قارارگاھى جەننەت بولىدۇ. (ئۇ) ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنى مۇكاپاتلاش يۈزىسىدىن ئۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان جايدۇر. ئاللانىڭ ئىتائىتىدىن چىققانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، ھەرقاچان ئۇلار دوزاختىن چىقماقچى بولسا، ئۇلار دوزاخقا قايتۇرۇلىدۇ. ئۇلارغا: 'سىلەر ئىنكار قىلغان دوزاخنىڭ ئازابىنى تېتىڭلار' دېيىلىدۇ" (سۈرە «سەجدە»، 19-، 20-ئايەتلەر). [32]

خۇلاسە قىلغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ دۇنيالىقتا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ۋە ئاخىرەتتە بۇ ئەمەللەرگە چۇشلۇق "ساۋاب"قا ئېرىشىش توغرىسىدىكى ئەھكامى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر. بىز مۇسۇلمانلار ئىجتىمائىي ئەخلاق ـ پەزىلەت، ياخشى ئەمەللەر بىلەن ساۋابقا ئېرىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ياخشى بىر تەرەپ قىلساق، بۇ بىزنى ئىككى دۇنيا شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىپ، كۆڭلىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە ساپلىقىنى ساقلايدۇ، ساغلام بولغان كىشىلىك مۇناسىۋەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مۇسۇلمان ئىكەنمىز بىز چوقۇم باشقىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، جەمئىيەتكە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆزىمىزگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ساپ قەلب بىلەن كىشىلىك مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىشىمىز لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى ئارقىسىدا كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئۆزىمىزگە يۈز كېلىدىغان ھالدا بىر ئۆمۈر ياشىيالايمىز.

---

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى

ھاجى يەھيا سەنۋبەر لىن سۇڭ

## ئىككىنچى باب[1]

## «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنلىرى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ، بەزىلەر ئۇنى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئىسلام قامۇسى، دەپ قارىغاندى. ئۇنى ”قامۇس“ دېسەك ئانچە مۇۋاپىق بولماس، بۇنداق دېيىش ، ئۇنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانلىق بولىدۇ، چۈنكى، ئۇ گەرچە نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما بەرىبىر بىلىملەر توپلانغان ماتېرىيال ياكى لۇغەت ئەمەس. ئۇ ئالدى بىلەن، شۇنداقلا مۇھىمى ئىسلام دىنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ئاساسى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ساھە ۋە غەيرىي دىنىي تۇرمۇشىدىكى قىبلىنامىسى. ئۇنىڭ كىشىلەردە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دېگەن تەسىرنى پەيدا قىلىپ قويۇشى ئېھتىمال ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن مەسىلىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى مول ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭدا قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇز، شامال، گۈلدۈرماما، يامغۇر ۋە چاقماق؛ ئاسمان ۋە زېمىن؛ دەريا، كۆل ۋە دېڭىز؛ ئېگىز تاغلار ۋە تىك چوققىلار؛ چۆل باياۋان ۋە بوستانلار؛ گۈل - گىياھ، قۇش، قۇرت - قوڭغۇز ۋە بېلىقلار؛ ئۇچار - قانات ۋە ھايۋانلار؛ قىممەتلىك گۆھەر ۋە قېزىلما بايلىقلار؛ زىرائەت ۋە مېۋە - چېۋىلەر — ھەقىقەتەن كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان خىلمۇخىل ئېسىل نەرسىلەر تىلغا ئېلىنغان؛ ئۇنىڭدىكى تارىخىي تەرەققىيات، دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، قەبىلىلەرنىڭ روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى، گۇرۇھلارنىڭ نەتىجە قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشىغا دائىر مەزمۇنلاردىن پايدىلىنىپ ئۈلگە ئېلىشقا بولىدۇ؛ ئۇنىڭدىكى ياخشىلىققا يۈزلىنىپ يامانلىقتىن ساقلىنىش، ئۆزىدە كامالەت ۋە پەزىلەت يېتىشتۈرۈش، ئىستىقامەت قىلىپ، تېگىگە يېتىش، رىئاللىققا توغرا قاراش، كېلەچەككە ئىنتىلىشكە دائىر مەزمۇنلار كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئۇنىڭدا، قىسسىلەر بار، رىۋايەتلەرمۇ بار؛ تارىخىي پاكىتلار بار، مەسەل - ئىستىھزالارمۇ بار؛ ۋەز - نەسىھەت بار، تەنبىھ - ئاگاھلاندۇرۇشلارمۇ بار؛ ئاممىباب چۈشىنىشلىك بايانلار بار، چوڭقۇر مەنىلىك - سىرلىق ھېكمەتلەرمۇ بار. ئۇنىڭدا بىپايان ئالەمدىن تارتىپ كۆز بىلەن كۆرۈش تەس بولغان زەررىچىلەرگىچە؛ ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى — ئادەم ئاتامنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ پۈتۈن كائىنات بەربات بولغۇچە؛ تۆگە، پىللاردىن تارتىپ چىۋىن، چۈمۈلىگىچە... تىلغا ئېلىنغان؛ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئاساسىي مېغىزى مۇسۇلمانلارنى ئويغىتىشتىن ئىبارەت. م. س. سادىق ئۆزىنىڭ «‹قۇرئان كەرىم› مەڭگۈلۈك مۆجىزە» دېگەن ئەسىرىدە:” «قۇرئان كەرىم» مەزمۇنلىرى ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ ئاڭلاش سېزىمىنى كۈچەيتىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ

---

① باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا .

ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدىغانلىرى بار، كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ قۇتلۇق بىلىملىرىنى جانلاندۇرىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ھوزۇرلاندۇرىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تەربىيىلەيدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى تاۋلايدىغانلىرى بار، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىمىنى ئۆستۈرىدىغانلىرى بار، كىشىلەردىكى روھى جەھەتتىكى دات ـ چۇپرەندىلەرنى تازىلىۋېتىدىغانلىرى بار، كىشىلەرنى چۈشكۈنلۈك ۋە زىيان ـ زەخمەتتىن خالاس قىلىدىغانلىرى بار"... دەپ ئېيتقان.

فىلىپ K. ستتى ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 9 ـ بابىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىنى يىغىنچاقلاشقا تىرىشىپ كۆرگەن. ئۇنىڭ قارىشىچە، مەككە دەۋرى (جاپالىق كۈرەش دەۋرى)دىكى ۋەھىيلەر تەخمىنەن 90 سۈرە بولۇپ، ئۇنىڭ "ئاساسىي مەزمۇنى ئاللانىڭ تەنھالىقى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى، بەندىنىڭ قىسمىتى ۋە كېلەچەكتىكى ئاقىۋىتىدىن ئىبارەت"؛ مەدىنە دەۋرى (غەلىبە دەۋى)دىكى ۋەھىيلەر تەخمىنەن 24 سۈرە (ھەجمى پۈتۈن كىتابنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ "كۆپىنچىسى قانۇن تۈزۈشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۇزۇن بايانلار". ئۇ يەنە "قانۇن تۈزۈش"نىڭ مەزمۇنلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق يىغىنچاقلىغان: بۇ دەۋردە "ئەقىدىلەر ۋە ناماز، روزا، ھەج، رامىزان ئېيى قاتارلىقلارغا دائىر مۇراسىملار ۋە قائىدە ـ نىزاملار بېكىتىلگەن. ئۇ يەنە ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، تۇڭگۇز گۆشى يېيىشلەر ھارام قىلىنغان قانۇنلارنى؛ زاكات ۋە جىھاد (غازات) قاتارلىق مالىيە ۋە ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئەمر ـ پەرمانلارنى؛ قاتىللىق، قىساسچىلىق، جازانىخورلۇق، نىكاھ، تالاق، زىنا، مىراسخورلۇق (ۋارىسلىق)، قۇل ئازاد قىلىش قاتارلىق ھەق تەلەپ ئىشلىرى ۋە جىنايى ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى ... ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ".

1928 ـ يىلى (ھىجرىيە 1347 ـ يىلى) پاكىستاندا چاقىرىلغان شەرق ئالىملىرى يىغىنىدا، «قۇرئان كەرىم»نىڭ سىستېمىسى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارالغان:

1. ئىمان (ئېتىقاد)؛
2. دىنىي مەجبۇرىيەتلەر؛
3. بۇيرۇق ۋە تەقىبلەر؛
4. ئاگاھلاندۇرۇش ۋە غەلىبە خەۋەرلىرى؛
5. بەس ـ مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىش (رىقابەت)لار.
6. قىسسىلەر ۋە رىۋايەتلەر؛
7. ئەمر ـ پەرمانلار (سىياسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەربىي ئىشلار قانۇنى قاتارلىقلار)؛
8. تەلىم ـ تەربىيە (پەند ـ نەسىھەت) ۋە يېتەكچىلىكلەر.

بۇنىڭدا، پۈتكۈل «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەزمۇنلىرى ئومۇمەن يىغىنچاقلانغان ياكى ئاساسىي مەزمۇنلار تۈرلەرگە ئايرىلغان، دېيىشكە بولىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدا ئايرىلغان تۈرلەرنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇملاشتۇرساق، يېقىندا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك ماددىلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى بويىچە، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» مەزمۇنلىرىنى ئالتە تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن، تۆۋەندە ئۇنى مۇشۇ ئالتە تۈر بويىچە قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز:

## 1 . تۈپ ئېتىقاد (ئىمان) پروگراممىسى بايان قىلىنغان

بۇنىڭدا ئاساسەن ئىسلام دىنىدىكى ئالتە تۈرلۈك ئىمان بايان قىلىنغان: (1) ئاللاتائالاغا ئىمان ئېيتماق؛ (2) پەرىشتىلەر (مالائىكىلار)گە ئىمان ئېيتماق؛ (3) كىتابلارغا ئىمان ئېيتماق؛ (4) پەيغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتماق؛ (5) ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتماق؛ (6) تەقدىرگە ئىمان ئېيتماق. بۇنىڭ ئالدىنقى بەش تۈرلۈكى «قۇرئان كەرىم»دە بىرنىڭ كەينىدىن بىرى قاتار قويۇلغان (4-سۈرە «نىسا»، 136-ئايەت؛ 2-سۈرە «بەقەرە»، 177-ئايەت)، «تەقدىرگە ئىمان ئېيتماق» دېگەن بىرسى بولسا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن قوشۇلغان، لېكىن بۇ مەزمۇنمۇ «قۇرئان كەرىم»دىن كەلگەن (3-سۈرە «ئال ئىمران»، 145-ئايەت؛ 25-سۈرە «فۇرقان»، 3-ئايەت؛ 87-سۈرە «ئەئلا»، 3-ئايەت)، پەقەتلا ئالدىنقى بەش تۈر بىلەن بىللە قويۇلمىغان، خالاس.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئالتە تۈرلۈك تۈپ ئېتىقاد ئىچىدە، ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ نېگىزلىك، ئەڭ

www.uyghurkitap.com

مۇھىمى ئاللاغا — بىر - تەنها، تەڭداشسىز پەرۋەردىگارغا، ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتنى ياراتقۇچى ۋە باشقۇرغۇچىغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئىسلام دىنى ئېتىقادىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»گە باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن ئاساسلىق يىپ ئۇچى. "تەۋھىد" ("ئاللانى بىر دەپ تونۇش" نەزەرىيىسى) ئىسلام دىنىدىكى قەتئىي تەۋرەنمەس ئېتىقاد. شۇڭا ئۇ ھەرقانداق مۇشرىكلىكنى ئىستىسنا قىلىدۇ، يەنى ھەرقانداق بىر ئادەمنى ياكى نەرسىنى ئاللاتائالا بىلەن تەڭ ۋە بىرقاتاردا قويۇشقا مۇتلەق يول قويمايدۇ.

باشقا بەش تۈرلۈك ئىمان ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈشنى يادرو ۋە ئالدىنقى شەرت قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، مەسىلەن، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاتائالا تەرىپىدىن ھەرقايسى ۋەزىپىلەرنى بېجىرىشكە ئەۋەتىلگەن ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلغان نەۋكەرلەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ كىتابلارنىڭ ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بەندىلەرنى رىغبەتلەندۈرىدىغان قىبلىنامە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ئاللاتائالا تەرىپىدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنى نەسھەت بىلەن ياخشى يولغا باشلاشقا تەيىنلەنگەن ئەلچى (رەسۇل) ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش؛ ئاخىرەتتە ئاللاتائالانىڭ ياخشىلارنى مۇكاپاتلاپ، يامانلارنى جازالايدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئومۇمىي ھۆكۈم، ئومۇمىي ھېسابات پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا ساۋابلىق ۋە گۇناھ، ھەق ۋە ناھەق، سادىقلىق ۋە ئاسىيلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىنى تاپىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ ھەممە ئىشنىڭ ئاللاتائالانىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقى، ئاللاتائالانىڭ ئىرادىسىگە ئەمەل قىلىدىغانلىقى، ئاللاتائالا ئورۇنلاشتۇرغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتتىن چەتنەپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىش.

ناۋادا "ئاللانى بىر دەپ تونۇش" دېگەن تۈپ ئەقىدە ئاۋۋال بەرپا قىلىنمىغان ۋە مۇستەھكەم ئورنىتىلمىغان بولسا، باشقا بەش تۈرلۈك ئەقىدىمۇ مەۋجۇت بولمايتتى ياكى ئەھمىيەتسىز بولۇپ قالاتتى؛ ئەكسىچە، ئەگەر كېيىنكى بەش تۈرلۈك ئەقىدە ئىنكار قىلىنسا ياكى گۇمانلىق قارالسا، ئىماننىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقى بولۇپلا قالماي، ھەتتا ئاللاتائالاغا ئىشىنىشمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئالتە تۈرلۈك ئىماننىڭ گەرچە ئاساسلىقى ۋە كېيىنكىلىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان، قىلچىمۇ چەتنەشكە بولمايدىغان ئىمان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ باشقا ئىمانلار بىلەن بىرلىكتە بىر مۇكەممەل سىستېمىنى ھاسىل قىلغان.

ئالتە تۈرلۈك ئىمان توغرىسىدا، كىتابىمىزدا مەخسۇس باب ئاجرىتىپ تەپسىلىي بايان قىلىمىز (مۇشۇ كىتابنىڭ 7 - بابىغا قاراڭ).

## 2 . كاپىرلار بىلەن بولغان بەس - مۇنازىرە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن

«قۇرئان كەرىم»دە مۇشرىكلار ۋە باشقا دىندارلار بىلەن قىلىنغان بەس - مۇنازىرە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئايەتلەردە تىلغان ئېلىنغانلىرى: مۇشرىكلار، "ئەھلى كىتابلار" (يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سابىئونلار ۋە مەجۇسلەر(ئاتەشپەرەسلەر)دىن ئىبارەت.

1) مۇشرىكلار — " مۇشرىك" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "بۇدقا چوقۇنغۇچى"، "ئەرۋاھقا چوقۇنغۇچى" دېگەن مەنىدە، بەزىلەر ئۇنى ئەسلى مەنىسى بويىچە "ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى" دەپ تەرجىمە قىلىپ، خىلمۇخىل ئىلاھى بۇتلارغا چوقۇنغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزلۈكنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك (ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش ھالەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەكىللىرى، گەرچە، ئايالچە كاتېگورىيىلىرىدىكى ئىسىم شەكىللىرى بولۇپ، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 49 قېتىم يولۇقىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل كىشىلىك ئالماش ۋە زامان ھالەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پېئىللار شەكلىدە 73 يەردە ئۇچرايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر بويىچە ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكىلەرنىڭ، جۈملىدىن مەككىدىكى قۇرەيش ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇشرىك ئىدى، ئەبۇ سۇفيان (576 — 652) باشچىلىقىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمران گۇرۇھى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا غالجىرلارچە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئىسلام دىنىغا ئىمان ئېيتقان مۇسۇلمانلارغا دەھشەتلىك زەربە بەرگەنىدى. ئۇلار رەڭگارەڭ

بۇتلارغا ئېتىقاد قىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەنە ئۇلار ئاللاھدە چوقۇنىدىغان ئۈچ ئىلاھە (53 ـ سۈرە «نەجم»، 19 — 25 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ) بار ئىدى: (1) لات — بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئۇ قۇياشنىڭ ۋەكىلى ئىدى، ئۇنىڭ ھەرەمگاھى سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى تائىفنىڭ يېنىدا ئىدى، مەككە قاتارلىق جايلاردىكى كىشىلەر كۆپرەك شۇ يەرگە بېرىپ ئۇنىڭغا تاۋاب ۋە نەزىر قىلاتتى؛ (2) ئۇززا — بەزىلەر ئۇنى گۈلنىڭ سىمۋولى دەيتتى، قۇرەيشلەر بۇ ئىلاھەنى بەك ئىززەتلەيتتى، تۆگە سويۇپ ئۇنىڭغا نەزىر قىلاتتى، ئۇنىڭغا چوقۇنۇش مەككىنىڭ شەرقىدىكى بەتن نەخلە دېگەن يەردە كەڭ ئەۋج ئالغانىدى؛ (3) مانات — رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تەقدىرنى باشقۇرىدىغان ئىلاھە بولۇپ، ئىلاھگاھى مەككە بىلەن مەدىنە ئارىلىقىدىكى قۇدەيد دېگەن جايدىكى بىر پارچە قارا تاشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ماناتنىڭ ئىسمى دىنىي تۇرمۇش جەھەتتە دەسلەپكى بىر باسقۇچقا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىنمۇ قۇرەيشلەر يەنىلا بۇ ئۈچ ئىلاھەنى كۆككە كۆتۈرۈپ يۈردى، ھەتتا بۇلارنى ”ئاللانىڭ قىزى“ دەپ بىلجىرلىدى. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دە ئۇلارغا قاتتىق رەددىيە بېرىلگەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئەرەبلەردىكى بۇتپەرەسلىك سەنەم (ياسالغان ھەيكەل)، ۋاسىن (ئويما ھەيكەل) ۋە نۇسۇب (ئىلاھگاھ)قا ئىبادەت قىلىش ۋە نەزىر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بەزى ئالىملار[①]ئومۇمەن ياغاچ ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن بۇتلار ”سەنەم“ دەپ ئاتىلىدۇ، ئومۇمەن تاشتىن ئويۇپ ياسالغان بۇتلار ”ۋاسىن“ دەپ ئاتىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردە رەڭگارەڭ بۇتپەرەسلىكلەر ئەۋج ئالغان بولۇپ، بۇ بۇتلار ناھايىتى نۇرغۇن ناملار بىلەن ئاتىلاتتى، ئۇلار پەرىشتە، جىن، شەيتانلاردىن تارتىپ ئۆز ئەجدادلىرىغىچە ھەممىسىگە ئاتاپ ھەيكەللەرنى ياسىۋېلىپ، ئۇلارغا ئىبادەت قىلاتتى. قۇرەيشلەرمۇ مەككىدىكى كەئبە ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىچىگە ۋە ئەتراپىغا نۇرغۇن بۇتلارنى ياسىۋالغانىدى (ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، 360 خىل بۇت بار ئىدى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ بۇت ”ھەبۇل“ دەپ ئاتىلاتتى، بۇ بۇت قىزىل ھېقىقتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرقى ئادەمگە ئوخشايتتى، ئوڭ بىلىكى ئۈزۈلگەن بولۇپ، ئالتۇن بىلەككە ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانىدى. بۇ ھەيكەلنى خۇزەيم ئىبنى مۇداقق دېگەن ئادەم ئورناتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ”خۇزەيم ھەبۇلى“ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ چاغدا مەككە رايونىدا ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك بۇت بولاتتى. ئۇلار ھەر كۈنى سەھەر چىقىپ كېتىپ كەچ قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مېڭىشتىن ئاۋۋال ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بۇتنى يۆلەپ قوياتتى. ئۇلار يا بۇتخانا سالاتتى، يا مەخسۇس بۇت ياساپ چىقاتتى، ناۋادا بۇتخانا ياكى بۇت ياساشقا قۇربى يەتمەي قالسا، ئۆزلىرى خاسىيەتلىك دەپ ھېسابلىغان بىر يەرگە ئىبادەتگاھ سۈپىتىدە بىرەر پارچە تاشنى تىكلەپ قويۇپ دائىم ئۇنى زىيارەت ۋە تاۋاب قىلاتتى[②].

«قۇرئان كەرىم» بۇتپەرەسلىك ۋە مۇشرىكلاردىن قاتتىق نەپرەتلەنگەن، ئايەتلەردە ئۇلارنى تىغمۇتىغ ھالەتتە تەنقىدلىگەن، مەسخىرە قىلغان ۋە سۆككەن. بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قۇرەيشلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى دەل مۇشرىكلاردىن تەشكىل تاپقان سىياسىي كۈچ ئىدى، ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ بۇتپەرەسلىك ئەنئەنىسىنى ئاسراش ۋە قوغداش نامى ئاستىدا، شۇ ۋاقىتتا روناق تېپىۋاتقان ئىسلام دىنىغا دۈشمەنلىك ۋە زىيانكەشلىك قىلغانىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەرغىب قىلغان تەۋھىد (ئاللانى بىر دەپ تونۇش)دىن ئىبارەت پەلسەپە نەزەرىيىسى، ”لائىلاھە ئىللەللاھۇ“ (”بىر ئاللادىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوق“) دېگەن دىنىي ئېتىقاد ئاڭ ھالىتى جەھەتتە مۇشرىكلىك بىلەن تۈپتىن زىت بولۇپ مۇتلەق چىقىشالمايتتى. ”بىر ئىلاھ“لىق بىلەن ”كۆپ ئىلاھ“لىق (مۇشرىكلىق) بىر ـ بىرىنى مۇتلەق مۇستەسنا قىلاتتى ۋە مۇرەسسەسىز ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا نەزەرىيە ۋە تونۇش جەھەتتىن بىر ـ بىرىنى گەپ قىلىشقىمۇ قويماي ئېلىپ بېرىلغان بەس ـ مۇنازىرىلەر ئىنتايىن كەسكىن بولغانىدى، مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئون مىڭلاپ لەشكەرلەرنىڭ قۇمۇلۇقلار ۋە

① بۇتلار نامىنىڭ پەرقىنى ئىزاھلىغۇچى ئالىم ئەبۇ مۇنجىر ئىبنى ھىشام قەرىبىدۇر. ئەمما باشقا خىلمۇخىل ئىزاھلاشلارمۇ بار.
② (مىسىرلىق) ھەمىد ئابدۇقادىرنىڭ «قىسقىچە ئىسلام تەرەققىيات تارىخى»نىڭ 3 ـ بابىغا قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەندەك ـ ئاكوپلاردا قىلىشقان چاپچاپ ۋە ئېلىشىشلىرىمۇ ئىنتايىن شىددەتلىك بولغانىدى.

مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەمر بويىچە تەرغىب قىلغان ئىسلام دىنى ھەم قوزغىغان بۇ ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە دىنىي ئىنقىلابنىڭ تۈپ مەقسىتى "ئاللانى بىر دەپ تونۇش" ئېتىقادىنى تۇرغۇزۇش ھەمدە بۇنى تۇغ قىلىپ تۇرۇپ، بۇنىڭ بىلەن قارشىلاشقان رەڭگارەڭ مۇشرىكلىق ھالەتلىرىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، ئەرەب مىللىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ غالجىرلارچە دۈشمەنلىك قىلىشى ۋە قانلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر بويىچە دىن تەرغىباتىنى باشلاپ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۆتكەن 23 يىل ئىچىدە، ئالدىنقى 20 يىلدا ئاساسەن يېڭى كۈچلەر مەككە ئەكسىيەتچىل كۈچلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ باردى، ئېتىقاد ئېڭى جەھەتتە بولسا، تەۋھىدچىلەر ("ئاللانى بىر دەپ تونۇش" قارىشىدىكىلەر) خۇراپىيلارچە بۇتقا چوقۇنغۇچىلارغا جەڭ ئېلان قىلدى، ئانتاگونىيىلىك (مۇرەسسەسىز) زىددىيەت ھايات ـ ماماتلىق چاپچاپ ۋە ھەل قىلغۇچ كۈرەشكە ئېلىپ بېرىپ، مىلادى 629 ـ يىلىغا كەلگەندە مەككە ھۇجۇم بىلەن پەتھى قىلىندى، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئەبۇ سۇفيان شەھەردىن چىقىپ تەسلىم بولۇپ، ئىسلام دىنىغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى ئاما ئالدىدا جاكارلىدى، تىكلىنىپ تاۋاپ قىلىنىۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى شۇ چاغدىلا ئۇرۇل ـ كېسىل بەربات قىلىنىپ تازىلاندى.

شۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم»دە بۇتپەرەسلەرنى پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشقا ناھايىتى كۆپ سەھىپە ئاجرىتىلغان.

2) "ئەھلى كىتابلار"—"كىتاب" دېگىنىمىز قەدىمكى پەيغەمبەرلەر ئاللادىن ۋەھيى ئېلىپ قوبۇل قىلغان، ئىسلام دىنى ئېتىراپ قىلىدىغان كىتابلارنى كۆرسىتىدۇ، «قۇرئان كەرىم»دە تارىختا بەزى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر زاتلىرى ۋە داڭلىق ۋەكىللىرىنىڭ پەيغەمبەر قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى، ئۇنىڭدىن بىر قىسمىغا كىتاب ئاتا قىلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان كىتابلاردىن «قۇرئان كەرىم» قوشۇلۇپ تۆت تۈرلۈكى بار، باشقا ئۈچ تۈرلۈكى:

(1) «تەۋرات» — مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان؛

(2) «ئىنجىل» — ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان؛

(3) «زەبۇر» — داۋۇد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان.

ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان "ئەھلى كىتاب"لار ئاساسەن مۇشۇ كىتابلارغا ئىگە بولغان ياكى ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئەمەلىيەتتە ئىككى خىل دىنىنىڭ مۇخلىسلىرىنى، يەنى «تەۋرات» كىتابىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەھۇدىيلار (يەھۇدىي دىنى مۇخلىسلىرى، ئايەتلەردە ئۇلار "يەھۇدىي" دەپ ئاتىلىدۇ) بىلەن «ئىنجىل» كىتابىغا ئېتىقاد قىلىدىغان خىرىستىئانلار (خىرىستىئان دىنى مۇخلىسلىرى، ئايەتلەردە ئۇلار "ناسارا" دەپ ئاتىلىدۇ)نى كۆرسىتىدۇ. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم»دە "يەھۇدىي" دېگەن سۆز ئىسىم شەكلىدە 15 قېتىم يولۇقىدۇ، پېئىل شەكلىدە ئون قېتىم ئۇچرايدۇ؛ "ناسارا "دېگەن ئىسىم 14 قېتىم يولۇقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى خىل كىشىلەر دائىم ئوخشاش بىر سۆز، ئايەت، جۈملىدە تەڭ قويۇلۇپ، بىللە بايان قىلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ "يەھۇدىي" ۋە "ناسارا" دېگەن بۇ ئىككى خىل "ئەھلى كىتاب"لار توغرىسىدىكى بايانى ۋە پوزىتسىيىسى ھەم مۇئەييەنلەشتۈرۈش ھەم ئىنكار قىلىش، ھەم ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقىنى بايان قىلىش، ھەم ئىختىلاپلىرىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇنىڭ بۇلارغا تۇتقان مۇئامىلىسى مۇشرىكلارغا تۇتىدىغان مەۋقەسى ۋە پوزىتسىيىسىدىن پەرقلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم» مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئورتاق نۇقتىلىرى شۇكى، بىرىنچىدىن، "ئەھلى كىتاب"لارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاتائالا تەيىنلىگەن رەسۇل (ئەلچى) ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئىسلام دىنىدىكى "ئالتە چوڭ ئىمان"دىكى "پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش"تە بۇ ئىككى پەيغەمبەر شۇنىڭ ئىچىدە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىككەيلەن ئەڭ ئاتاقلىق، ئەڭ تەسىرلىك ئاز ساندىكى بىرىنەچچە "ئەزىم پەيغەمبەر"لەر كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»دىن ئىبارەت بۇ ئىككى كىتاب (يەنە «زەبۇر»مۇ بار) «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاشلا ئاللا نازىل قىلغان كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئايەتلەردە يەنە، ئاللاتائالا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۈرلۈك دەۋرلەردىكى پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلغان كىتابلارنىڭ بىر - بىرىگە شاھىت بولىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەسىلەن، "بىز ھەقىقەتەن (مۇساغا) تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (ئاللاتائالانىڭ ھۆكۈمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ، (يەھۇدىيلارنىڭ) زاھىتلىرى ۋە ئۆلىمالىرىمۇ (ئۆزگەرتىشتىن) ساقلاشقا بۇيرۇلغان كىتابلار (يەنى تەۋرات) بويىچە ھۆكۈم قىلىدۇ، ئۇلار تەۋراتنى (ئۆزگەرتىشتىن ساقلاشقا) نازارەتچى ئىدى. (ئى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆلىمالىرى!) كىشىلەردىن قورقماڭلار، مەندىن قورقۇڭلار. مېنىڭ ئايەتلىرىمنى ئاز پۇلغا تېگىشمەڭلار (يەنى پۇل - مال، مەنسەپ ۋە پارا ئۈچۈن ئايەتلىرىمنىڭ ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىۋەتمەڭلار)، كىملەركى ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇلار كاپىرلاردۇر... ئۇلارنىڭ (يەنى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ) ئارقىسىدىن ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى (يەنى ئۇنىڭ ئاللا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغانلىقىنى) ئېتىراپ قىلغۇچى ئىسائىبن مەريەمنى ئەۋەتتۇق. ئۇنىڭغا ھىدايەت بىلەن نۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىنجىلنى ئاتا قىلدۇق، (ئىنجىل) ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىقتۇر)، تەقۋادارلارغا ھىدايەت ۋە پەند - نەسىھەتتۇر. ئەھلى ئىنجىللار (يەنى ناسارالار) ئاللا ئىنجىلدا نازىل قىلغان ئەھكاملار بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن، ئاللا نازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمىغانلار پاسىقلاردۇر. (ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى (ساماۋى) كىتابلارنى ئېتىراپ قىلغۇچى ۋە ئۇلارغا شاھىت بولغۇچى ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق①. (ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاللا ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ساڭا كەلگەن ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن. (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللا خالىسا، ئەلۋەتتە سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى. لېكىن ئاللا سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قايسى ھەق، قايسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللا سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ". (5-سۈرە «مائىدە»، 44-، 46-، 48-ئايەتلەر).

يۇقىرىدا نەقىل قىلىنغان نەچچە ئايەت شۇنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇكى، ئوخشاشلا ئاللاتائالادىن نازىل قىلىنغان كىتابلار بىر - بىرىگە شاھىت بولىدۇ، كېيىنكى كىتاب ئالدىنقى كىتابقا شاھىت بولىدۇ، مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «تەۋرات»قا «ئىنجىل» شاھىت بولغان؛ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «ئىنجىل»غا بولسا، «قۇرئان كەرىم» شاھىت بولغان. بۇ كىتابلار بىر مەنبەلىك، تومۇرداش بولۇپ، ھەممىسىلا ئاللاتائالانىڭ ئالەمدىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك؛ بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسىلا ياخشىلىق بىلەن يامانلىققا ھۆكۈم قىلىشنىڭ، ھەق - ناھەقنى ئايرىشنىڭ قىبلىنامىسى ياكى ئاساسى بولۇشى كېرەك — ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئەسلى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان ۋە بۇرمىلاپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولمىسىلا.

ئۇنىڭدىن باشقا «قۇرئان كەرىم»دە خېلى كۆپ سەھىپە بېرىپ، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلۇشى، بالىلىق دەۋرى، ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ ئىش تۇتۇشىدىن تارتىپ، سىناي تېغىغا چىقىپ ھەقىقەت نۇرىنى ئىزدىگەنلىكىگىچە، ئەمر بويىچە مىسىرنىڭ زالىم فىرئەۋنىسى بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىدىن تارتىپ بەنى ئىسرائىل قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزغانلىقىغىچە ناھايىتى كونكرېت ۋە تەپسىلىي سۆزلەنگەن، بەزى ۋەقەلىكلەر ھەتتا ھەر قايسى سۈرىلەردە مەلۇم دەرىجىدە تەكرارلىنىپ، كىرىشتۈرۈلۈپ سۆزلەنگەن. ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئانىسى توغرىسىدىكى قىسسىلەرمۇ خېلى كۆپ سۆزلەنگەن، ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بۈۋى مەريەمنىڭ ئىسمى 19-سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان. يىغىپ ئېيتقاندا، "يەھۇدىي"، "ناسارا"لارنىڭ پەيغەمبىرى ۋە داھىسىغا، ئۇلارنىڭ كىتابى بولغان «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل»غىمۇ

---

① بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىلگىرىكى «تەۋرات» ۋە «ئىنجىل» كىتابلىرىغا شاھىت بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئاسرايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئوخشاشلا مەشھۇر سۆز ۋە ھېكمەت، بەندىلەرنى ھىدايەتكە باشلايدىغان نۇر ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئــوخشاش ھۆرمەت قىلىنغان، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنغان، ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قــىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كــەلــتــۈردى، ئۇلارنــىڭ ھەممىسى ئاللاغا، ئاللانىڭ پەرىــشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار "ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىــســگــە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)" دەيــدۇ...** (2 – ســۈرە «بــەقــەرە»، 285 – ئايەت).

ۋە يەنە، كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ مۇشرىكلارغا قــارىغاندا "ئەھلى كىتاب"لارغا ئالاھىدە پەرقلىق مــۇئامىلە قىلىنىدۇ، مەسىلەن، يېمەك – ئىچمەك جەھەتتە، "ئەھلى كىتاب"لارنىڭ يېمەكلىكلىرىنى يــېــيــىــشــكــە، بىر – بىرىنىڭ يېمەك – ئــىچــمەكلىكلىرىنى ئۆزئارا ئايرىۋاشلاشقا ئىجازەت بېــرىــلــىدۇ، بولۇپمۇ نىكاھلىنىش جەھەتتە، ئەر مۇسۇلمانلارنىڭ "ئەھلى كىتاب" ئاياللىرىنى مەھرە بېرىپ ئەمرىگە ئېلىشىغا ئىجازەت بېرىلىدۇ (5 – سۈرە «مــائــىــدە»، 5 – ئــايــەت). ھــالبۇكى، مۇشرىكلارنىڭ يېمەك – ئىچمەكلىرىنى ئىستېمال قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئۇلار بىــلــەن نىكاھلىنىش تېخىمۇ ھارام قىلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ئالاقىدا، مــۇســۇلــمــانــلارنــىڭ "ئەھلى كىتاب "لار ئــارىــســىــدىــكــى دوســتانە كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىششى ۋە بېرىش – كېلىش قىلىشىغا يول قــويــۇلــۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار ئارىسىدىكى بــىــلــىملىك زاتلاردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتۇش تەشەببۇس قىلىنغان. ئىسلام دىنى تەرغىب قىلىنىۋاتقان دەسلەپكى چاغلاردا، ئۇلاردىنمۇ بەزىلەر ئىسلام دىنىغا ھېسداشلىق قىلغان، مەدەت بەرگەن ھەتتا ئۆز دىنىدىن چىقىپ ئىمان ئېيتقان. ئەينى ۋاقىتتىكى ھەبەشىستان (ھازىرقى ئېفىئوپىيە)نىڭ پادىشاھى بۇنىڭغا ئەڭ گەۋدىلىك مىسال بولالايدۇ، ئــېــيــتــىشلارغا قارىغاندا، مەككىدىكى مۇسۇلمانلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن پاناھ تىلەپ بۇ پــادىــشاھلىققا قېچىپ بارغان، بۇ چاغدا قۇرەيش ئــاقــســۆڭەكلىرى پادىشاھقا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى مۇسۇلمان مۇساپىرلارنى ھەيدەپ چىقىرىش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قۇتراتقان ۋە كۈشكۈرتكەن. پادىشاھ ئەسلىدە ناسارا(خرىستىئانى) ئىدى، قۇتراتقۇچىلار: مۇسۇلمانلار خرىستىئان دىنىنى مەنسىتمەيدۇ، ئىساغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدۇ، دەپ چاققاندا، ئۇ ناھايىتى ئــاچــچــىــقــلانــغــان. ئەمما مۇسۇلمانلار «قۇرئان كــەرىم»دىن 19 – سۈرە — «سۈرە مەريەم»نى قــىرائەت قىلىپ بەرگەندە، چوڭقۇر تەسىرلىنىپ، تېخى ئوقۇپ بولمايلا تارام – تارام كۆز يېشى قىلغان ۋە كېيىن دىنىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىغا ئىمان ئــېــيــتــقان (5 – سۈرە «مائىدە»، 82—83 – ئايەتلەر).

"ئەھلى كىتاب"لار بىلەن بولغان ئىختىلاپ ۋە بەس – مۇنازىرىدىكى ئەڭ تۈپ ۋە ئەڭ ئاساسىي مــەسىلە شۇكى، «قۇرئان كەرىم»: «تەۋرات» ۋە «ئــىــنجىل» قاتارلىق كىتابلار تارقىلىش داۋامىدا بــۇرمــىــلــىنىپ ئۆزگەرتىۋېتىلگەن بولۇپ، ئەسلى قىياپىتىدە ئەمەس، شۇڭا، ئۇلارغا ئېھتىياتچان ۋە ھــوشــيار پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن:

**ئــۇلاردىن (يەھۇدىيلاردىن) بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى، سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن، تىللىرىنى ئەگرى – بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە ئۇنى ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئاللا تەرىپىدىن نازىل بولغان ئەمەس، ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللا نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ.** (3 – سۈرە «ئــال ئــىمران»، 78 – ئايەت).

بۇ يــەردىكى ئەڭ ھالقىلىق ۋە گەۋدىلىك، شۇنداقلا كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئۆزگەرتىۋېتىش تەۋھىد (ئاللانى بىر دەپ تونۇش)كە بۇزغۇنچىلىق ۋە خىلاپلىق قىلىشتىن ئارتۇق بولماس. «قۇرئان كەرىم»: "يەھۇدىي" ۋە "ناسارا"لارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ۋە ئىسالار ئاللا تەيىنلىگەن ئەلچىلەر بولۇپ، تەڭداشسىز، ھوقۇقى چەكسىز پەرۋەردىگارنىڭ تەنھا – يــېــگانە، ئالەمدە ئوخششى يوق ئىكەنلىكىنى تەرغىب قىلغۇچىلاردۇر، دەپ قارايدۇ. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دە "ئاللا بولسا، مەريەمنىڭ ئوغلى مەسىھ ئىسادۇر" ۋە "ئاللا ئۈچ ئىلاھنىڭ بىرىدۇر" دېگەنگە ئوخشاش مۇقاملار قاتتىق سۆكۈلگەن (5 – سۈرە «مــائــىــدە»، 72–، 77–ئــايــەتــلــەر ۋە 116–، 118–ئــايــەتــلــەر؛ 9–ســۈرە «تــەۋبــە»، 30–، 31–ئــايــەتــلــەر؛ 4–ســۈرە «نــىــســا»، 171–، 172–ئايەتلەرگە قاراڭ)، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ "بــالىسى بــار" دېــگــەن سۆزىگە قارىتا ئىنتايىن ئۆتكۈر سۆز ۋە جۈملىلەر بىلەن غەزەپ – نەپرەت ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

**ئۇلار "ئاللانىڭ بالىسى بار" دېيىشتى. سىلەر شــەكشۈبھىسىز قەبىھ بىر سۆزنى قىلدىڭلار. بۇ**

سۆزنىڭ (يامانلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۆمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللانىڭ بالىسى بار دەپ دەۋا قىلدى. (19-سۈرە «مەريەم»، 18 -، 19 - ئايەتلەر).

ئىمان جەھەتتىكى ئاچقۇچلۇق بۇ بەس - مۇنازىرىدىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان مۇسۇلمانلار بىلەن "ئەھلى كىتاب"لار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە، ئاساسلىقى بەزىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە تەسىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، سودا ۋە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ زور پايدىغا ئېرىشىشنى كۆزلىگۈچى ئاز ساندىكى يەھۇدىي بايلىرى مۇسۇلمانلارنى گاداي، چۇپەي دەپ مەسخىرە قىلغان، ئۇلارغا ئىنتايىن كۆرەڭلىك بىلەن سوغۇق مۇئامىلە، تاپا - تەنە قىلغان. ئەيمەنمەستىن ئاللانى كەمسىتىپ، ئاللاھىڭلار بەك پىخسىق ئىكەن، سىلەر يالاڭ تۆش گادايلارغا مال - بايلىق ياردەم قىلمايدىكەن، دېگەن (بۇ خىل قىلمىشلارغا «قۇرئان كەرىم»نىڭ 5 - سۈرە «مائىدە»، 64 - ئايىتىدە رەددىيە بېرىلگەن)؛ يەنە مەسىلەن، بەزى "ئەھلى كىتاب"لار ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، مۇسۇلمانلار ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان "مۇناپىق"لارنى ۋە ئىككى يۈزلىمىلەرنى چىرىتىپ ئۆزىگە تارتقان، مەسىلەن، ناسارا (خرىستىئان) ئەبۇ ئامىر 12 نەپەر مۇناپىققا يول كۆرسىتىپ، مەدىنە يېنىدىكى قۇبادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سالغان تۇنجى مەسچىتكە يېقىن بىر جايغا يېڭى مەسچىت بىنا قىلدۇرغان، شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قوشۇنىنى پارچىلاپ (9 - سۈرە «تەۋبە»، 107 - ئايەتكە قاراڭ)، گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ بۆلگۈنچىلىك قىلماقچى بولغان؛ يەنە مەسىلەن، مۇناپىقلار "ئەھلى كىتاب"لار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىشىۋېلىپ ئەسكىلىك قىلغان، شۇنداقلا، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان ھۇجۇم مۇداپىئە ئىتتىپاقى تۈزۈشكەن (59-سۈرە «ھەشر»، 11-، 12-ئايەتلەرگە قاراڭ). بەزى سورۇنلاردا "ئەھلى كىتاب"لار بىلەن ساتقۇنلار تىل بىرىكتۈرۈۋېلىپ، پەردە ئارقىسىدا تىزگىنلەش، ئاخبارات تىڭتىڭلاش ئارقىلىق، پىتنە - پاسات تېرىپ بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ بارغان (5 - سۈرە «مائىدە»، 41 - ئايەت). مۇشۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، ئايەتلەردە مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن:

**ئى مۆمىنلەر! يەھۇدىي ۋە ناسارالارنى دوست تۇتماڭلار. ئۇلار بىر - بىرىنى دوست تۇتىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ، ئاللا زالىم قەۋمنى ھەقىقەتەن ھىدايەت قىلمايدۇ. دىللىرىدا كېسەللىك (يەنى مۇناپىقلىق) بارلارنىڭ (زامان ئۆزگىرىپ كاپىرلار زەپەر تاپسا ئۆزىمىزگە بىر پالاكەتچىلىك كېلىشىدىن قورقىمىز دەپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئالدىرىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاللا (رەسۇلۇللاغا، مۇسۇلمانلارغا) غەلىبە ئاتا قىلىدۇ، ياكى بىر ئىشنى (يەنى ئۇلارنىڭ مۇناپىقلىقىنى پاش قىلىشنى) مەيدانغا كەلتۈرىدۇ—دە، كۆڭلىدە يوشۇرغىنى (يەنى مۆمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتقانلىقى) ئۈچۈن ئۇلار نادامەت چېكىدۇ.** (5 - سۈرە «مائىدە»، 51 - 52 - ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەردە، ئىتتىپاققا ئۇيۇشۇپ ئەھدە تۈزۈشتە ئېھتىياتچان بولۇش، قارشى تەرەپكە ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىملىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن "دوست بولغان" مۇناپىقلارنىڭ "دىلىدا كېسەللىك بارلىقى"، يىراقنى كۆرەرلىكى كەملىكى، چوقۇم غەلىبە قىلىش نىيىتى تۇرغۇزۇلمىغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

يۇقىرىدىكىلەر ئىختىلاپ ۋە بەس - مۇنازىرىلەرنىڭ بىر تەرىپى، بۇ جەھەتتىكى مەزمۇنلارمۇ «قۇرئان كەرىم»دە خېلى بار. لېكىن ئەڭ مۇھىم بەس - مۇنازىرە يەنىلا ئىسلام دىنى چىڭ تۇرىدىغان "ئاللانى بىر دەپ تونۇش"تىن ئىبارەت يادرولۇق مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان. دەسلەپكى چاغلاردا نازىل بولغان مەككە سۈرىلىرىدىن ھەرگىز "ئەھلى كىتاب"لار بىلەن قەستەن بەس - مۇنازىرە قىلىشماقچى ئەمەسلىكىنى، ھەتتا تالاش - تارتىشتىن ساقلىنىپ، بىر - بىرىنىڭ كىتابىدىن ئوخشاش كۆز قاراش ۋە بىردەكلىكنى تېپىشمۇ تەشەببۇس قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس، مەسىلەن:

**ئەھلى كىتاب بىلەن پەقەت ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۇلۇم قىلغۇچىلار (يەنى سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلغۇچىلار ۋە فىدىيە بېرىشتىن باش تارتقۇچىلار) بۇنىڭدىن مۇستەسنا، ئېيتىڭلاركى، "بىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ۋە سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان ئېيتتۇق، سىلەرنىڭ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلاھىڭلار ۋە بىزنىڭ ئىلاھىمىز بىردۇر، بىز ئاللاغا بويسۇنغۇچىلارمىز". (ئى مۇھەممەد!) شۇنىڭدەك (سەندىن ئىلگىرىكىلەرگە كىتاب نازىل قىلغاندەك) ساڭىمۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) نازىل قىلدۇق، بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار)دىن قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بۇلاردىن (يەنى مەككە ئاھالىسىدىن)مۇ قۇرئانغا ئىشىنىدىغانلار بار، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى پەقەت كاپىرلار ئىنكار قىلىدۇ (29-سۈرە «ئەنكەبۇت»، 46-، 47-ئايەتلەر).

مۇشرىكلار بىلەن ۋە "ئەھلى كىتاب"لار يەنى يەھۇدىيلار ھەم ناسارالار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان مۇناسىۋەتلىك بەس - مۇنازىرىلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، ئىككىسىگە تامامەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى سېزىۋېلىشىمىز تەبىئىي: مۇشرىكلارغا قارىتا مۇتلەق چەتكە قېقىش، قارشىلىشىش پوزىتسىيىسى تۇتۇلغان؛ "ئەھلى كىتاب"لار بىلەن بولسا، ئۇلار بىلەن ئوخشاش مەنبەلىك بولسىمۇ، ئەمما تەرەققىيات داۋامىدا ئۇلار ئاينىغانلىقى، ياتلاشقانلىقى ئۈچۈن زىددىيەت تۇغۇلغان. يۇقىرىقىدەك بەس - مۇنازىرىلەر «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بايان قىلىنغان.

ئايەتلەردە "يەھۇدىي"، "ناسارا" دېگەن بۇ ئىككى خىل "ئەھلى كىتاب"لار مىسال قىلىنىشتىن سىرت، باشقا ئىككى خىل كىشىلەرمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن، ئەمما ئۇلار "ئەھلى كىتاب"لار كاتېگورىيىسىدە ئەمەس، ئۇلار بىلەن كونكرېت بەس - مۇنازىرە بولغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. بۇ ئىككى خىل كىشىلەر:

يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار (سابىئونلار) — ئەرەبچە "سابىئىن" دېيىلىدۇ. ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دە ئۈچ قېتىم (2 - سۈرە «بەقەرە»، 62 - ئايەت؛ 5 - سۈرە «مائىدە»، 69 - ئايەت؛ 22 - سۈرە «ھەج»، 17 - ئايەت) تىلغا ئېلىنىپ، يەھۇدىيلار، ناسارالار بىلەن بىر قاتاردا قويۇلغان. بەزى مۇفەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇلار خرىستىئان دىنىدىن ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، يەتتە يۇلتۇزغا ئىبادەت قىلىدىكەن؛ بەزىلەر ئۇلارنى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە ياشاپ، قۇياشقا ئىبادەت قىلىدىغان بىر مىللەت دەپ قارايدۇ. ئايەتلەردە پەقەت ئۇلار ئەگەر "ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ" غانلىقى، "مۇشرىك (ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگۈچى)" لەرگە قارىتا بولسا، ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئاتەشپەرەسلەر (مەجۇسىيلەر) — ئەرەبچە "مەجۇسى" دېيىلىدۇ، ئۇلار ئايەتتە بىر قېتىملا (22 - سۈرە «ھەج»، 17 - ئايەتتە) تىلغا ئېلىنىپ، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئېتىقادچىلىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇلغان، پەقەت "ئۇلار ئۈچۈن قىيامەت كۈنى ئاللا ھەقىقەتەن ھۆكۈم چىقىرىدۇ" دەپلا قويۇلغان.

### 3 . دىنىي ئەمەل ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەر بەلگىلەنگەن

"ئاللانى بىر دەپ تونۇش"تىن ئىبارەت چىن ئىماننى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى مەزمۇنلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمەل ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلىرى پرىنسىپال بەلگىلەنگەن، بۇنىڭ ئىچىدە مۇنۇلار بار:

1) بەندىلەر ئاللاتائالا ئالدىدا بەجا كەلتۈرىدىغان ئىبادەت رەسمىيەتلىرى، مەسىلەن، ئادەتتىكى كۈنلەردە نامازنى ئادا قىلىش، ھەر يىلى بىر ئاي روزا تۇتۇش، ئۆمرىدە بىر قېتىم مەككە-مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاپ قىلىش قاتارلىقلار. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە پاكىزلىنىش رەسمىيىتى (مەسىلەن، غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش، تەيەممۇم قىلىش قاتارلىقلار) توغرۇلۇق بەلگىلىمىلەرمۇ بار. ئايەتلەردىكى پرىنسىپال چۈشەندۈرۈشلەرگە ئاساسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكى، باشلامچىلىقى ياكى ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشى ئارقىسىدا، تەرتىپ قائىدىلىرى ناھايىتى كونكرېت بولغان تۈزۈملەر پەيدىن - پەي شەكىللەنگەن.

2) مۇسۇلمانلار كوللېكتىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە نامراتلىق بىلەن بايلىق پەرقىنىڭ زور بولۇشى سەۋەبلىك كېلىپ چىققان قارىمۇ - قارشىلىق ۋەزىيىتىنى پەسەيتىش ئۈچۈن، مال - مۈلۈك ئىگىدارلىرىغا قارىتىپ، نامراتلارنى يۆلەپ قېيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش يولىدا ئىئانە قىلىش تۈزۈمى بەلگىلىگەن. بۇ، مال - مۈلكىنىڭ نىسبىتى بويىچە زاكات بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەسلەپىدە، سەدىقە بېرىش بىر خىل ساۋابلىق سۈپىتىدە تەشەببۇس قىلىنغان ۋە ئىلھاملاندۇرۇلغان، كېيىنچە، زاكات مەلۇم ئىقتىسادىي شارائىتى بار مۇسۇلمانلارنىڭ بىجىرىشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى

(يەنى پەرز) قىلىپ بېكىتىلگەن.

3) ئىسلام دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغداپ، دۈشمەن كۈچلەرنىڭ زۇلمى ۋە دەخلى - تەرۇزىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار كوللېكتىپىغا قارىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىش، ئۇرۇش قىلىشقا ياردەم بېرىشلەر مەزمۇن قىلىنغان ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى بەلگىلەنگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئايەتلەردە يەنە، تۈرلۈك ۋاقىتلاردا، تۈرلۈك ۋەزىيەتتە، تۈرلۈك مۇھىتتا مۇناسىپ ھالدا ئۆزىنى قوغداش، قايتۇرما زەربە بېرىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش، ئۇرۇش قىلىش، سۈلھى بىلەن ئۇرۇشنى ۋاقىتلىق توختىتىش، ئۇرۇش توختىتىش ۋە ئەسىرلەرنى بىر ياقلىق قىلىش، ئۇرۇش غەنىيمەتلىرىنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دىنىي ئەمەل ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەردىن ئۇرۇش قىلىشقا دائىر ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى پەۋقۇلئاددە مەزگىلدە ئىجرا قىلىندىغان نىزام بولغاندىن باشقىلىرى ئومۇمەن ئىسلام دىنىدىكى "بەش پەرز"— شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش، ھەج تاۋاپ قىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بۇلارنى مەخسۇس بابتا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

## 4. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەش ئاساسى بىلەن تەمىنلىگەن

«قۇرئان كەرىم»دە قانۇن تۈزۈش ئاساسى قىلىندىغان بەزى پرىنسىپلار تىلغا ئېلىنغان. بىر مۇنچە كونكرېت بىر ياقلىق قىلىش مىساللىرىمۇ كۆرسىتىلگەن، بۇ ئارقىلىق شەرىئەت قانۇنىنى بەلگىلەشكە ئاساس ھازىرلاپ بېرىلگەن. ئىسلام شەرىئىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىن تەرغىب قىلىش، ھاكىمىيەت تۇرغۇزۇش جەريانىدا ئاللادىن ۋەھيى ئېلىپ ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار دىنىي، ئەخلاقىي، قانۇنىي قائىدە ۋە بەلگىلىمىلەرنىڭ بىرىكمىسىدۇر، ئۇنىڭغا قەدىمكى ئەرەب جەمئىيىتىدە ئەنئەنە بولۇپ داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەت قانۇنى ۋە كېسىم قىلىش ئادەتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

ئەلۋەتتە، «قۇرئان كەرىم» ئالدى بىلەن بىر دىنىي كىتاب، ھەرگىزمۇ مەخسۇس قانۇننى سۆزلەپ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان قانۇننامە ئەمەس، ئۇنىڭدىكى قانۇن مۇقەررەر ھالدا دىنشۇناسلىق بىلەن زىچ ئالاقىدار بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي روھى دىنىي ئەدەب خاراكتېرىدە بولۇپ، ئادەتتىكى جەمئىيەت قانۇنىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى دىنىي ئەخلاقنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك، ھەق بىلەن ناھەق ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرگىز ھەممىگىلا شۇ بويىچە قانۇنلۇق (ھالال) ۋە قانۇنسىز (ھارام) دەپ ھۆكۈم قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا يۈزلىنىپ، يامانلىقتىن ساقلىنىشقا، ئاللاتائالادىن ئەيمىنىشكە، ساۋاب تېپىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بۇلار دىنىي ئەخلاق قائىدىسىگە ياتىدۇ. شەرىئەت ھەر خىل قىلمىش - ئەتمىشلەرنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى پەرقىگە، يەنى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك يەڭگىللىك ۋە ئېغىرلىق، پايدىلىق ۋە زىيانلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بەش تىپقا ئايرىيدۇ:

1) ۋاجىپ (مەجبۇرىيەت خاراكتېرلىك ئىش - ھەرىكەتلەر) — بۇنى بەجا كەلتۈرگەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلار جازالىنىدۇ؛

2) مەندۇپ (مۇستەھەب، ماختاشقا ئەرزىيدىغان ئىش - ھەرىكەتلەر) — بۇنىڭغا ئەمەل قىلغانلار مۇكاپاتلىنىدۇ، ئەمەل قىلمىغانلار جازالانمايدۇ؛

3) مۇباھ (كارايىتى چاغلىق ئىش - ھەرىكەتلەر) — بۇنىڭدا مۇكاپاتلاش ياكى جازالاش مەسىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

4) مەكرۇھ (ئەيىبلىنەرلىك ئىش - ھەرىكەتلەر) — بۇ خىل ئىش - ھەرىكەتلەر جامائەتچىلىك ئارىسىدا ياخشى ئەمەس دەپ قارىلىدۇ، ھەتتا يامان كۆرۈلىدۇ، ئەمما دىنىدا جازالانمايدۇ.

5) ھارام (قەتئىي مەنئى قىلىنىدىغان ۋە جازالىنىدىغان ئىش - ھەرىكەتلەر) — بۇ خىل ئىش - ھەرىكەتلەر جەزمەن جازاسىنى تارتىدۇ.

لېكىن كونكرېت ھۆكۈم قىلىش ۋە ئىجرا قىلىشتا، مەلۇم خىل ئىش - ھەرىكەتنىڭمۇ زادى قايسى تىپقا تەۋە بولۇشى لازىملىقى، ئايەتلەردە بىر - بىرلەپ تەپسىلىي بايان قىلىنمىغان، بىرقەدەر روشەن ۋە ئېنىق بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرنەچچە خىل ئەھۋاللار، مەسىلەن، ھاراق ئىچىش، ئۆزى ئۆلگەن ماللارنىڭ گۆشى، قان، چوشقا گۆشى يېيىش، ئەسلىدە يېيىشكە بولىسمۇ ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلانمىغان ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ۋە زىنا قىلىش، قىمار ئويناش قاتارلىقلار قەتئىي مەنئى قىلىش (ھارام) دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈشتىن سىرت، چەك – چېگرىنى ئايرىشنىڭ قاتتىق ئۆلچىمى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، نەتىجىدە كېيىنكى فەقىھلەرنىڭ ھەر خىل ئوخشىمايدىغان چۈشەندۈرۈشلەردە بولۇشىغا ئەركىن ۋە كەڭ ئىمكانىيەت قالدۇرۇلغان. بۇمۇ كېيىنكى چاغلاردا مۇسۇلمان ئەللىرى ۋە رايونلارنىڭ ياكى چوڭ مەزھەپلەر ۋە ئىلىم ئۆلىمالىرىنىڭ قانۇننى چۈشەندۈرۈش ۋە تۈزۈشتە بىردەك بولۇپ كېتەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى.

N.J كولسۇننىڭ – ستاتىستىكا قىلىشچە، «قۇرئان كەرىم»دە قانۇن چىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئايەتلەرنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى زور ئەمەسكەن. كەڭ مەنە جەھەتتىن قانۇن چىقىرىش خاراكتېرىگە ئىگە ئايەتلەر گەرچە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالاھەزەل ئوندىن بىر قىسمىنى ئىگىلىسىمۇ، ئەمما تار مەنا جەھەتتىن قانۇن چىقىرىشقا ياتىدىغان ئايەتلەر 80 دەك ئايەت ئىكەن①. بۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە غەيرىي دىنىي تۇرمۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان «قۇرئان كەرىم» ھەرگىزمۇ قانۇنلار سىستېمىلىق بايان قىلىنغان كىتاب ئەمەس، ئادەتتە ئۇنىڭدا پەقەت پرىنسىپال كۆرسەتمىلەر بېرىلگەن، بەزىدە بولسا، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، نىمە ئىش بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى رېئال تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن مەلۇم بىر كونكرېت مەسىلە ھەل قىلىنغان. ئەگەر قانۇن قائىدىسى بىلەن دىنىي ئەدەپ قائىدىسى پەرقلەندۈرۈلسە، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش تۈرلۈك ئىش – ھەرىكەت قائىدىسى ئىچىدە پەقەت بىرىنچىسى بىلەن ئاخىرقىسىدىن ئىبارەت ئىككىسىنىلا (يەنى مەجبۇرىيەت خاراكتېرىدىكى ئىش – ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي مەنئى قىلىنىپ جازاغا تارتىلىدىغان ئىش – ھەرىكەتلەرنىلا) قانۇن قائىدىسىگە چۈشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، بەلگىلىمىنى بۇزغان ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قوللىنىدىغان جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىمۇ ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن، نۇرغۇن ئىش – ھەرىكەتلەر (قەبىھلىك، ھارام ئىشنى قىلىش قاتارلىق ئىش – ھەرىكەتلەر) قىيامەت قايىم بولغاندا ئاندىن ھېساب ئېلىنىپ جازاغا تارتىلىدۇ ۋە ئومۇمەن بۇنىڭغا دوزاخ جازاسى بېرىلىدۇ؛ بەزى جىنايى قىلمىشلار بولسا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا بايقالغان ھامان جازاغا تارتىلىدۇ، مەسىلەن، زىنا قىلغۇچى ئەر – ئايالنىڭ ھەربىرى يۈز دەررىدىن ئۇرۇلىدۇ (24 – سۈرە «نۇر»، 2 – ئايەت)، لېكىن زىنا قىلغان چۆرىلەرگە (ئايال قۇللارغا) جازانىڭ يېرىمى بېرىلىدۇ (4 – سۈرە «نىسا»، 25 – ئايەت)، ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلاپ، ئۇلارنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەنلەر 80 دەررە ئۇرۇلىدۇ (24 – سۈرە «نۇر»، 4 – ئايەت) ۋەھاكازالار؛ يەنە مەسىلەن، ئوغرىلىق قىلمىشىغا قولىنى كېسىش جازاسى بېرىلىدۇ (5 – سۈرە «مائىدە»، 38 – ئايەت)، يۇقىرىقىلار دەرھال ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەر بولۇپ، بۇ خىلدىكى ۋەقەلەرنى بىر ياقلىق قىلىشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى ناھايىتى كونكرېت قويۇلغان. ھالبۇكى، ھاراق ئىچىپ مەست بولۇش، قىمار ئويناش، باشقىلارنىڭ مال – مۈلكىنى يۇتۇۋېلىش، جازانىخورلۇق قىلىش قاتارلىقلارغا قارىتا ھازىرلا كېچىكتۈرمەي ئىجرا قىلىنىدىغان تەدبىر قوللىنىلماستىن، بەلكى ئاخىرەتتىكى دوزاخ بىلەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. لېكىن بۇ مەسىلىلەر «قۇرئان كەرىم»دە كەسكىن قويۇلغانىكەن، ئەلۋەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئىش – ھەرىكىتىگە قارىتا ئۇنىڭ تىزگىنلەش كۈچى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قانۇنىي كۈچىمۇ بولىدۇ.

ئىلمى فىقھە (شەرىئەتشۇناسلىق) «قۇرئان كەرىم»نى ئاساسىي مەنبە قىلىدۇ، ئايەتلەردە ئۇ "شەرىئەت" دەپ ئاتىلىدۇ ۋە "مەنبە يولى"، "قانۇن – نىزام" دېگەندەك مەنىلەرنى بىرىپ، ئاللا ھىدايىتىنىڭ قانۇن – قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ سۆز يولۇقىدىغان ئايەتلەردىن مۇنۇلار بار:

... (ئى ئۈممەتلەر!) سىلەرنىڭ ھەربىرىڭلارغا بىر

① كولسۇن: «ئىسلام قانۇنى تارىخى»، ئېدىنبۇرغ، (1964 – يىل).

خىل شەرىئەت ۋە ئوچۇق يول تەيىن قىلدۇق. ئەگەر ئاللا خالىسا، ئەلۋەتتە، سىلەرنى بىر ئۈممەت قىلاتتى (يەنى پۈتۈن ئىنسانلارنى بىر دىندا قىلاتتى). لېكىن ئـالـلا سىلەرگە بەرگەن شەرىئەتلەر بارىسىدا سىلەرنى سىناش ئۈچۈن (كۆپ ئۈممەت قىلىپ ئايرىدى). ياخشى ئـىشلارغا ئالدىراڭلار. ھەممىڭلار ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، سىلەر ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلەرنى (ئۇنىڭ قـايـسىسى ھەق، قايسىسى ناھەق ئىكەنلىكىنى) ئاللا سـىـلـەرگـە ئـېـيتىپ بېرىدۇ (5-سۈرە «مائىدە»، 48-ئايەتنىڭ كېيىنكى يېرىمى).

”ئاندىن سىنى بىز (ئى مۇھەممەد!) دىن ئىشىدا (روشەن) بىر يول (شەرىئەت) دا قىلدۇق، شۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن“ 45 (-سۈرە «جاسىيە»، 18-ئايەت).

بۇ ئىككى ئايەتتە ”شەرىئەت“، ”يول“ دەپ ئـېـلـىـنـغـان سۆزلەر ئەسـلـى ئەرەبـچـىـدە ”شـەرىـئـەت“ دېـيـىـلـگەن، شۇڭا، فەقىھلەر (شـەرىـئـەتـشـۇنـاسـلار) دىن قانۇننى كۆپرەك ”شەرىئەت قانۇنى“ دەپ ئاتايدۇ؛ ئۇنىڭ ”فىقھە“ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر نامىمۇ بار، بۇنىڭ مەنىسى ”چۈشىنىش“ يـاكـى ”چۈشەندۈرۈش“ بولۇپ، ئاللا بەلگىلىگەن شەرىئەت قانۇن ـ قائىدىلىرىنى چۈشىنىپ شەرھلەشنى كۆرسىتىدۇ.

فەقىھلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى ۋە يىغىنچاقلىشى بـويـىـچە، شەرىئەت (فىقھە) سىستېمىسى ئادەتتە مۇنداق بۆلۈنىدۇ:

1) ئىبادەت: دىنىي يوسۇن ـ رەسمىيەتلەرگە ئائىت بەلگىلىمىلەر؛

2) مـۇئـامـەلات (هـەق تەلەپ قانۇن بەلگىلىمىلىرى): ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى مۇرەسسە قىلىشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر؛

3) ئۇقۇبەت (جازا): جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ۋە دىـنـىـي قـائـىـدىـلـەرگـە خىلاپلىق قىلىش جىنايەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت بەلگىلىمىلەر.

لېكىن تۆرلۈك مەزھەپلەرنىڭ ئۆزىنىڭ فىقھە نەزەرىيىسـى ۋە شـەرىـئـەت تەرتىپـى بار، بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ ئولتۇرمايمىز. شەرىئەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇن ياكى ساھە ناھايىتى كەڭ. ئادەتتە ئۇ ”ئەھكام“ دەپ ئاتىلىپ ”ئەمىر ـ پـەرمـان“، ”قانۇن ـ تۈزۈم“ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ (”ئەھكام“ كۆپلۈك سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ بـىرلىكى ”ھۆكۈم“ دېيىلىدۇ). شەرىئەتكە ئائىت مەزمۇنلار ئادەتتە: دىنىي مەجبۇرىيەت، ھەق تەلەپ ئىشلىرى، سودا ـ تىجارەت ئىشلىرى، جىنايى ئىشلار، دىـنـىـي ۋەخپە ئىشلىرى، سوت قىلىش تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئـوتـتـۇرا ئـەسـىردىكى فىقھـە (شەرىئەت) دەرسلىكىدە تىزىلغان تەرتىپ بويىچە قارىغاندا، بۇ دەرسلىكنىڭ ئالدىنقى بەش بابىدا ئاساسەن دىنىي يـوسـۇن ـ رەسـمىيەتلەر سۆزلەنگەن، ئۇنىڭدىن كـېـيىن، توختام، مىراس، نىكاھ، ئائىلە، جىنايى ئىشلار قانۇنى، غەيرىي مۇسۇلمانلارغا مۇئامىلە، ھالال يـېـمـەكـلـىكلەر، مال بوغۇزلاش، گـۇۋاھـلـىق، قـانـۇنـي تەرتىپ، قانۇنىي دەلـىـل ـ ئىسپات، قـۇلـلارغـا يـاخـشـى مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلار سۆزلەنگەن. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامانغا كەلگەندىلا، بـىرقەدەر سـىـسـتـېـمـلـىق، رەتلىك، بىر ـ بـىـرلـەپ تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن قانۇنلار توپلىمى بارلىققا كەلدى[①].

«قـۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن دىنىي تۇرمۇش ساھەسىگە ياتىدىغان مەزمۇنلار پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ ۋە بىۋاسىتە تـەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى غەيرىي دىـنـىـي تۇرمۇشقا دائىر مەزمۇنلىرىمۇ ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈشتۈرۈلگەن ئىسلام رايونلىرىدا يـاكى مۇسۇلمانلار ئاساسى گەۋدە، ئىسلام دىنىي دۆلـەت دىـنـى، «قۇرئان كەرىم» قانۇن ئاساس قىلىنغان دۆلەتلەردە ھەل قىلغۇچ ياكى نوپۇزلۇق يېتەكچى رول ئوينايدۇ. لېكىن يۇقىرىقىدەك دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، خاراكتېرى، ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ھاكىمىيەت يېشىدىكىلەرنىڭ ئەمەل قىلىدىغان مەسلىكى، مەزھەپ تەلىماتلىرى ئـوخـشـاش بـولـمىغانلىقى ئۈچۈن، شەرىئەتنىڭ كـونـكـرېـت يولغا قويۇلۇشىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا پەرقلەر، ياكى چوڭ جەھەتتە ئوخشاشلىق، كىچىك جەھەتتە پەرقلىق، ياكى كۆپ جەھەتتە ئوخشاشلىق، ئاز جەھەتتە پەرقلىق بولۇشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت،

① بۇ پاراگرافنىڭ شەرىئەت قىسمى كۆپرەك ۋۇ يۈنكۈينىڭ «ئىسلام شەرىئىتى ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە» (جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1993-يىلى نەشر قىلغان) دېگەن ئەسىرىدىن ۋە «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» (سىچۇەن لۇغەت نەشرىياتى 1994 ـ يىلى نەشر قىلغان)غا يېزىپ بەرگەن سۆزلۈكتىن پايدىلىنىلدى ياكى ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com

بەزى جەمئىيەتلەردە پەرقىنىڭ ناھايىتى گەۋدىلىك بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. گەرچە يۇقىرىقىدەك تىپتىكى دۆلەتلەر دۆلەت قانۇنىنى تۈزگەن چاغدا جەزمەن ئالدى بىلەن شەرىئەتنى نەزەردە تۇتسىمۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشسىمۇ ئەمما «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن روھ ۋە پرىنسىپلارنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلمىغانلا بولسا، ھېچكىم بىرونى شەرىئەتكە ماس ئىش قىلمىدى دېيەلمەيدۇ.

مەسىلەن، بەزى ئىسلام ئەللىرىنىڭ نىكاھ قانۇنىدا، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئېنىق بېكىتىلىپ، "كۆپ خوتۇنلۇق" تۈزۈم بىكار قىلىنغان، كۆپ خوتۇنلۇق ياكى قوش نىكاھلىق ھادىسىسى دۆلەت قانۇنىدا قانۇنسىز ھېسابلىنىپ، ھازىرقى زامان جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلاشقان. يەنە مەسىلەن، ئوغرىلارنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە، ئەمەلىيەتتە ھەرقانداق بىر دۆلەت، ھەرقانداق بىر جەمئىيەت بۇ خىل قىلمىشنى جىنايى قىلمىش دەپ ھېسابلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قارىتا جازالاش تەدبىرى قوللىنىدۇ، ھازىرقى ئەرەب ئەللىرىدىمۇ بۇنداق قىلغۇچىلارغا قولىنى، بارماقلىرىنى كېسىۋېتىش جازاسى بېرىش ناتايىن بولۇپ قالدى. يەنە مەسىلەن، ئوتتۇرا ئەسىردە جىنايى قىلمىش سادىر قىلغانلارنى دەررە بىلەن ئۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلاتتى، ھازىر ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ يېڭىچە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك شۇنداقلا نورمال مۇۋاپىق ئەھۋاللار بولۇپ، ئۇلارنىڭ شەرىئەتكە مۇخالىپ بولۇشى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ روھىي ماھىيىتىگە مۇخالىپ بولۇشى ناتايىن بولۇپ قالدى.

مۇسۇلمانلار پەقەت ئاز سانلىقنى ئىگىلەيدىغان بارلىق دۆلەتلەر ياكى رايونلاردا بولسا، شەرىئەت بىلەن دۆلەت قانۇنى تېخىمۇ تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. بۇ جايلاردا دۆلەت قانۇنى ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر دىنىي قانۇننى ئاساس قىلمايدۇ، ئەمما ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۆلەت قانۇنى نورمال دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە بۇلارنى قوغدايدۇ، بولۇپمۇ دىنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ناماز ئۆتەش، روزا تۇتۇش، ھەج تاۋاپ قىلىش، يېمەك - ئىچمەك ئادىتى قاتارلىق ئىشلارغا قانۇن ئارىلىشالمايدۇ؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەھەتتە بولسا، دۆلەتنىڭ چوڭ قانۇنى بار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماندىن جۈملىسىدىندۇر" دېگەن ھەدىسىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمان پۇقرالىرىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشى شەرت بولۇپ، ئۇلاردا دۆلەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىش مەجبۇرىيىتى بار. غەيرىي دىنىي ئىشلاردا تەبىئىي ھالدا دۆلەت قانۇنىنى مۇھىم بىلىش، دۆلەت قانۇنىغا بويسۇنۇش كېرەك؛ ھەرگىز نەپسى خاھىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، شەرىئەتنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلماسلىق لازىم.

مىسالغا ئالساق، نىكاھ قانۇنى جەھەتتە، ھازىرقى زاماندا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئېتىراپ قىلىندى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي قانۇنىي ھۆججەتلىرىگە ئېنىق كىرگۈزۈلدى، ھەتتا بەزى ئەرەب ئەللىرىمۇ بۇنى رەسمىي نىكاھ قانۇنىغا كىرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەبىئىي ھالدا، پۇقرالار ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان مىزانغا ئايلىنىپ، كۆپ خوتۇنلۇق ۋە قوش نىكاھلىق قانۇنسىز قىلمىش بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ دۆلەت قانۇنى بولىدۇ، دىنىنىڭ دىنىي قائىدىسى بولىدۇ، ئىجتىمائىي غەيرىي دىنىي تۇرمۇشتا، دۆلەت قانۇنى دىنىي قائىدىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بىر ئەر - بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشتەك ئىشلار دىنىي قائىدىگە قىلچە زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، ئەكسىچە دىنىي قائىدە روھىغا ماس كېلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بۇنىڭدىن 1300 يىل بۇرۇنلا كۆپ خوتۇنلۇق چەكلىنەمتى؟

شۇڭا، تۈرلۈك دۆلەت، رايون، مەزھەپلەر بايانىدىكى شەرىئەت پەرقلىرىنى يولۇقتۇرغىنىمىزدا ئۇنچىۋالا ئەجەبلىنىپ كېتىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق؛ شۇنداقلا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئەللىرىدە قانۇن جەھەتتىكى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات بولغانلىقىمۇ ناھايىتى نورمال ئەھۋال. «قۇرئان كەرىم»دىكى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا دائىر سۈرە - ئايەتلەرنى تەتقىق قىلغاندا، مۇھىمى ئۇنىڭدىكى پرىنسىپ، روھلارنى ئىگىلەش لازىم. شۇنىسى روشەنكى، دىنىي ئەدەپ - قائىدىلىرىنى قەتئىي بەجا كەلتۈرۈش بارلىق مۇسۇلمانلار ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئورتاق ئەمەل قىلىدىغان بەلگىلىمە؛ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ساھەسىدىكى قانۇنىي قائىدىلەردە بولسا، مىڭ يىلدىن بۇيانقى

تەرەققىياتتىن قارىغاندا، دەرۋەقە پەرقلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆزىنى «قۇرئان كەرىم»نى تۈپ ئاساس قىلدۇق، دەپ ھېسابلىسىمۇ، ئەمما ئايەتلەرنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ھەرقايسىسى ئۆز تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ كەلدى.

## 5 . كىشىلىك مۇئامىلىسى توغرىسىدىكى ئەدەب-ئەخلاقلار ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن

«قۇرئان كەرىم»دىكى بىر مۇنچە سۈرە - ئايەتلەردە، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىش، يامانلىق قىلماسلىق، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ، يامانلىقتىن چەتنەشكە بۇيرۇش شەرتى ئاستىدا، ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ كۆپلەپ توختالغان، مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسىي پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن تارتىپ، ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋىتى، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپلىرى بۇيرۇق، تەشەببۇس، مەدەت تەرىقىسىدە بىر - بىرلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەسىلەن، مەككە دەۋرىدىكى ۋەھىيلەردە نامراتلارنى قۇتقۇزۇش، يېتىم - تۇللارغا ھىممەتلىك بولۇش، باشقىلارغا سېخىيلىق بىلەن يار - يۆلەك بولۇش، ئاتا - ئانىغا ۋاپادار بولۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرگە كۆيۈنۈش، تۇغقان - قېرىنداشلىرىغا غەمخورلۇق قىلىش، قۇللارنى ئازاد قىلىش، ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرگۈچىلەرگە كۆيۈمچان بولۇش، ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش، سودىدا ئادىل بولۇش، تىرىشچان ۋە ئىقتىسادچان بولۇش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىشقا قارشى تۇرۇش قاتارلىقلار تەشەببۇس قىلىنغان. ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتلارغا قارىتىپ، زىناخورلۇقنى مەنئى قىلىش، قىز بوۋاقلارنى خارلاپ ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش، جازانىخورلۇقنى مەنئى قىلىش، ئورۇنسىز ئادەم ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلىش قاتارلىقلار بەلگىلەنگەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە، ھەر خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، شەخسىي يېتىلىشنى، كامالەتلىك پەزىلەتنى ئۆستۈرۈش، ئىچكى - تاشقى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ئەخلاقنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، كىشىلىك مۇئامىلىدە سەممىي ۋە راستچىل بولۇش، كەمتەر ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، ھەمدەملىك ۋە دوستانە بولۇش، كەڭ قورساق ۋە ئەپۇچان بولۇش، چىدامliq ۋە سەۋرچان بولۇش، خەيرساخاۋەتكار بولۇش، يامانلىقنى توسىدىغان بولۇش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغان بولۇش، مەغرۇرلۇق ۋە ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىدىغان بولۇش، سۆز - ھەرىكەتتە مەدەنىي بولۇش، ئەدەپ - يوسۇنلۇق بولۇش، دوست - دۈشمەننى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇش، زىيانكەشلىككە قارشى تۇرىدىغان بولۇش، دۈشمەنگە قارشى باتۇرلارچە ئاتلىنىدىغان بولۇش قاتارلىقلار كەينى - كەينىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئايەتلەردە دائىم يۇقىرىقىدەك ئەدەپ - ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈش ۋە ئۆزىنى تۇتۇش مەسىلىسى ئاللادىن ئەيمىنىش، ئاللانى قەدىرلەش، ئاللانىڭ رازىلىقىنى ئېلىش يۈكسەكلىكىدە بايان قىلىنىپ يەنى ئىجتىمائىي ئالاقىدىكى ياخشى ئىپادە بىلەن تەقۋالىق دىنىي ئەمەل زىچ بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ”ئىككى دۇنيالىق كۆز قارىشى“ يەنى بۇ دۇنيالىق ھاياتقا ئېتىبار بېرىش، ئاخىرەتلىككە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشتىن ئىبارەت رېئاللىق پوزىتسىيىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئەدەپ - ئەخلاققا دائىر مەزمۇنلار بىرمۇنچە سۈرە - ئايەتلەردە ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئورنى ۋە مەزمۇنى كىتابىمىزدا مەخسۇس بېرىلىدۇ ۋە مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلىدۇ (مۇشۇ كىتابنىڭ 9 -، 10 - بابلىرىغا قاراڭ).

## 6 . «تەۋھىد» نۇقتىنەزىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن قىسسەلەر بايانى

«قۇرئان كەرىم»دە يەنە رىۋايەت - قىسسەلەر، تارىخىي شەخسلەر، قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى بايان قىلىشقا خېلى كۆپ سەھىپە بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆز قەبىلىسى ئىچىدە ئېلىپ بارغان دىنىي تەرغىبات پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان، بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ناھايىتى مۇپەسسەل، باشتىن - ئاخىرغىچە بايان قىلىنغان، ھەتتا مۇستەقىل بىر سۈرە بولغان، مەسىلەن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ئەنە شۇنداق، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ ئىسمى 12 - سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان. بەزى قىسسىلەر كونكرېت، تەپسىلىي، جانلىق بايان قىلىنغان ۋە نۇرغۇن سۈرىلەردە زور سەھىپە بىلەن بېرىلگەن، مەسىلەن، مۇسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەيغەمبەرنىڭ قىسسىلىرى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلىنىپ كۆپ جايدا ئۇچرايدۇ، قىسمەن ۋەقەلىكلەر مەزمۇنى ھەتتا گىرەلەشتۈرۈلۈپ تەكرارلانغان. بەزىلەرنىڭ ستاتىستىكىلاپ كۆرۈشىچە، مۇسا پەيغەمبەر توغرىسىدىكى ئايەتلەر ئالاھەزەل 450كە يەتكەن. گەرچە ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قىسقا ئايەتلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئومۇمىي ئايەت سانى سۈرە «يۈسۈف»نىڭ 4 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئىلگىرى – ئاخىر بولۇپ 136 قېتىم تىلغا ئېلىنغان؛ باشقا بەزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىمۇ قايتا – قايتا تىلغا ئېلىنغان، مەسىلەن، ئىبراھىم دېگەن ئىسىم 25 سۈرىدە 69 قېتىمدەك كۆزگە چېلىقىدۇ، شۇنداقلا ئۇ 14 – سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان؛ نۇھ دېگەن ئىسىم 43 قېتىم تىلغا ئېلىنغان، شۇنداقلا 71 – سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان؛ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسا پەيغەمبەر ئىككىسىنىڭ ئىسمى 25 قېتىمدىن تىلغا ئېلىنغان. لېكىن يەنە بەزى پەيغەمبەرلەرمۇ باركى، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىسمى ئاددىيلا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن، كونكرېت ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنمىغان، مەسىلەن، ئىدرىس، ئىلياس، ئەل يەسەئە قاتارلىقلار.

پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە مۇھەممەد پەيغەمبەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا جەمئىي 25 پەيغەمبەر تىلغا ئېلىنغان. ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى (پىر بوۋىسى) ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، تۇغۇلغان ۋاقتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان يىللىرىنىڭ تەرتىپى بويىچە تىزغاندا، ئادەتتىكى قاراشتا ئۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) ئادەم؛ (2) ئىدرىس؛ (3) نۇھ؛ (4) ھۇد؛ (5) سالىھ؛ (6) ئىبراھىم؛ (7) لۇت؛ (8) ئىسمائىل؛ (9) ئىسھاق؛ (10) يەئقۇپ؛ (11) يۈسۈف؛ (12) ئەييۇب؛ (13) زۇلكىفۇل؛ (14) شۇئەيب؛ (15) يۇنۇس؛ (16) مۇسا؛ (17) ھارۇن؛ (18) ئىلياس؛ (19) ئەل يەسەئە؛ (20) داۋۇد؛ (21) سۇلايمان؛ (22) زەكەرىييا؛ (23) يەھيا؛ (24) ئىسا؛ (25) مۇھەممەد.

ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىسانىڭ ئاپىسى بۈۋى مەريەمنىڭ قىسسىسى كۆپرەك ئېتىبار بىلەن بايان قىلىنغان ۋە 19 – سۈرىگە مۇشۇ خانىمنىڭ نامى سۈرە نامى قىلىنغان؛ 31 – سۈرە — «لوقمان»دا سۆزلەنگەن ئەۋلىيا، ھەكىم لوقماننىمۇ بەزىلەر پەيغەمبەرلەردىن بىرى دەپ قارايدۇ. يۇقىرى ئېيتىپ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدا شۇ قىسسە ۋەقەلىكلىرىگە مۇناسىپ بەزى شەخسلەرمۇ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەپىقىسى ھەۋۋا؛ مۇسا پەيغەمبەر ئىككى دېڭىز قوشۇلىدىغان جايدا زىيارەت قىلغان ۋە ئەگىشىپ تەلىم ئالغان بوۋاي خىزىر ئەلەيھىسسالام. بىراق ئايەتتە پەقەت ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرى تىلغا ئېلىنغانۇ، ئىسمى بېرىلمىگەن.

سەلبىي ئوبرازلارنىڭ يەنى دۈشمەن شەخسلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە قەبىھ ئىشلىرىمۇ ئايەتلەردە مەلۇم دەرىجىدە بايان قىلىنغان، بۇلاردىن ئەڭ كونكرېت تىلغا ئېلىنغىنى مۇسا پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، بەنى ئىسرائىللارغا باشتىن – ئاخىر دۈشمەنلىك قارىشىدا بولۇپ كەلگەن مىسىر ھۆكۈمرانى پىرئەۋن ۋە كاتتا باي قارۇن قاتارلىقلاردۇر.

ئايەتلەردە يەنە بىرقانچە قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ، مەسىلەن، ئادلار، سەمۇدلار قاتارلىقلارنىڭ مۇنقەرز بولۇش تارىخىمۇ بايان قىلىنغان.

ئۇنىڭدا مەسەلگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بەزى قىسسىلەرمۇ بار، مەسىلەن، ئەسھەبۇل كەھف (غار ساھابىلىرى) قىسسىسىدە بىرقانچە (3، 5 ۋە 7 دېگەندەك ئوخشىمىغان رىۋايەتلەر بار) ساھابىنىڭ مۇشرىكلارنىڭ مەجبۇرلىشى ۋە زىيانكەشلىكى سەۋەبىدىن بىر ئىت بىلەن غارغا كىرىۋېلىپ، ئۇ يەردە 300 يىلدەك ئۇخلىغانلىقى، ئۇخلاپ ئويغانغاندىن كېيىن، بۇ غاردا پەقەت يېرىم كۈن ياكى بىر كۈن تۇرغاندەك ھېسسىياتتا بولغانلىقى بايان قىلىنغان، مۇفەسسىرلەر (تەپسىرچىلەر)نىڭ كۆپىنچىسى بۇنىڭدا رېئال تۇرمۇشتىكى ئىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياكى غايىبى گەۋدىلەندۈرۈلگەن دەپ قارايدۇ.

بۇ قىسسەلەرنىڭ تەپسىلىي ياكى قىسقارتىپ بايان قىلىنىشى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەزىلىرى كۆپلەپ ۋە تەپسىلىي، جانلىق سۈرەتلىنىپ، باش – ئاخىرغىچە بايان قىلىنغان؛ بەزىلىرى پەقەت قىسقىچە، بىرنەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا تىلغا ئېلىنىپ ئۆتۈلگەن. بەزىلىرىدە ۋەقەلىك كونكرېت بېرىلگەن بولسىمۇ، شەخسنىڭ ئىسمى ئاشكارا قىلىنمىغان، بەزىلىرىدە شەخسنىڭ ئىسمى كۆرسىتىلگەن

بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىشلىرى تىلغا ئېلىنمىغان. كېيىنكى مۇفەسسىرلەر ۋە تەتقىقاتچىلار خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەتلەرگە ۋە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، جۈملىدىن «ئىنجىل — تەۋرات» تىكى خاتىرىلەردىن پايدىلىنىپ «قۇرئان كەرىم» دە بۇ قىسسىلەرنى بايان قىلىشتىكى نىيەت - مەقسەتلەرنى چۈشىنىپ يېتىپ، بۇ قىسسىلەرنى ئىنتايىن مول ۋە جانلىق قىلىپ تولۇقلاش بىلەن «قۇرئان كەرىم» دىكى مۇناسىۋەتلىك قىسسىلەرنىڭ توپلىمىنى يېزىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى «قۇرئان كەرىم قىسسىلىرى» شەكلىدە بولۇپ، كەڭ تارقالدى.

بۇ قىسسىلەرنى، جۈملىدىن كۆپلەپ پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرىنى بايان قىلىشتىكى مەقسەت ئاساسەن "ئاللانى بىر دەپ تونۇش" ("تەۋھىد") تىن ئىبارەت يېپ ئۇچىنى چىڭ چۆرىدىگەن هالدا "بىر ئاللادىن باشقا مەبۇد يوق" ("لائىلاهە ئىللاللاھ") ئىكەنلىكىنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن، ئىزچىل هالەتتىكى توپ ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى، پىر بوۋىمىز ئادەم ئاتامدىن تارتىپ، پەيغەمبەر بوۋىمىز ئىبراھىم ئەلەيهىسسالامغىچە، "ئەهلى كىتاب" پەيغەمبەرلەر مۇسا، ئىسا ئەلەيهىسسالاملاردىن تارتىپ تارىختا ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ هەممىسى مۇشۇ ئېتىقادنى تەقلىقلەشتۈرگەنلىكى ۋە تەرغىب قىلغانلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ هەرگىز ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىپ غەيرىي يول تۇتمىغانلىقى، بەلكى تارىختا نەچچە قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغان، بۇرمىلانغان، بىكار قىلىۋېتىلگەن ئەنئەنە سىستېمىسىنى ئاللانىڭ ئەمرىگە بىنائەن تەرغىب قىلىپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، "ئاللانى بىر دەپ تونۇش" دېگەن بۇ ئىدىيىۋى تۇغنى — تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ئىگىز كۆتۈرگەن تۇغنى ئېگىز كۆتۈرگەنلىكىنى گەۋدىلىك تەشۋىق قىلىشتىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن «قۇرئان كەرىم» نوقۇل هالدا قىسسىلا سۆزلىمەيدۇ، بەلكى قىسسە سۆزلەش ئارقىلىق، ئادەم ئەلەيهىسسالامدىن باشلاپلا، ئاللاتائالانىڭ هەممىگە قادىر ۋە نوپۇزلۇق، تەنها — جۆرىسىز ۋە هەممىدىن ئەلا ئىكەنلىكى گەۋدىلىك تەكىتلەنگەنلىكىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» دە هەرگىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسلام دىنىنى "بەرپا قىلغۇچى" ياكى "ياراتقۇچى" ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنمايدۇ، پەقەتلا ئۇنىڭ پەيغەمبەر، رەسۇل (ئەلچى) ئىكەنلىكى سۆزلىنىدۇ، مۇھەممەد ئەلەيهىسسالاممۇ ئەزەلدىن ئۆزىنى "بەرپا قىلغۇچى"، "ياراتقۇچى" قىلىپ كۆرسەتكەن ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ "ئەلچىسى"، "قولى" ئەزەلى مەۋجۇت، ئاللانى بىر دەپ تونۇيدىغان دىنىي ئېتىقادنى ئەمرىگە بىنائەن تەرغىب قىلغۇچى دەپ ئاتىغان.

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن هاجى)

(بېشى 42 - بەتتە)

**"هەممىڭلار بىر پادىچى. هەركىم ئۆز پادىسىغا مەسئۇل. ئىمام بولغۇچى — جامائەتكە؛ ئاتا بولغۇچى — خوتۇن - بالىلىرىغا، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىنى ياخشى تۇتۇشقا مەسئۇل بولىدۇ".**

دىنىي زات بولغانلار هەربىر جامائەتكە ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇتۇپ، يامان ئىشلارغا يول بېرىۋاتقان يوچۇقلارنى ئېتىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى لازىم.

ئاخىردا ۋەز - نەسىھەت قىلغۇچىلار دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

1. نەسىھەت قىلغۇچىلار بىلىم ئاساسىنى پۇختىلاپ، ياخشى ئۈلگە بولۇش كېرەك.
2. ئېغىر - بېسىق، سالماق بولۇش، كەسكىن بولدۇم دەپ، هەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق كېرەك.
3. غايىسى توغرا بولۇش. ئىمام بولۇش ۋە نەسىھەت قىلىشتا چوقۇم ئىسلام دىنى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىش، بۇ ئارقىلىق ئاللا رىزالىقىغا ئېرىشىش نىيىتىدە بولۇش، هەرگىزمۇ نام - ئابرۇيغا ئېرىشىش، ئۆزگە چىقىش نىيىتىدە بولماسلىق، جەمئىيەتتىكى ناچار كىشىلەرنىڭ خاهىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىك. جەمئىيەتتە ناچار ئېقىم ئەۋج ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ماسلىشىدىغان ئەمەس، ئېقىنغا قارشى ئۈزۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەققىي ۋارىسى بولغىلى بولىدۇ.

ئى ئاللا! بىزگە يامانلىقنى كۆرسەك دەرهال جۈرئەت قىلغۇدەك كۈچلۈك ئىمان ئاتا قىلغىن، ئامىن!

**(ئاپتور: مارالبېشى ناهىيە چوڭقۇرچاق يېزا 18 - كەنت جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)**

www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ بايانى

ئابلەھەت قۇربان

ھەممىمىزگە مەلۇم، ناماز ئىسلام دىنىنىڭ تۈۋرۈكى، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى ۋە مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ئەھمىيەتلىك كاتتا ئىبادەتتۇر. بىز بۇ ئىبادەت شەكلىنى ئۆز مەيلىمىزچە شەكىللەندۈرۈپ تۈرگۈزالمايمىز، ئۇ پەقەت ئۇلۇغ ئاللاتائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن مەخسۇس بىر ئۇسۇل بىلەن "ناماز" دەپ ئاتالغان ھەم مۇشۇ ئۇسۇلدا ئوقۇشىمىزغا بۇيرۇلغان. بىز نامازنى ئاللاتائالا تەرەپتىن ئەسلىدە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئۇسۇل ۋە قائىدىلەر بىلەن ئادا قىلىمىز دەيدىكەنمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوقۇغان نامازنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئاللاتائالانىڭ **"سىلەرگە رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر"** (33 – سۈرە «ئەھزاب»، 21 – ئايەت.) دېگەن سۆزى بىلەن **"سىلەر ئاللا ۋە ئاللانىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىڭلار"** (3–سۈرە «ئال ئىمران»، 31–ئايەت.) دېگەن سۆزى بىزنىڭ ئۆگىنىش نىشانىمىزنى ۋە ئىتائەت قىلىش ئوبيېكتىمىزنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمىز.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇماقچى بولسا، (ئالدى بىلەن قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى) نىيەت قىلىپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرگەن ھالدا تەكبىر ئېيتىپ، ئىككى باش بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ باراۋىرىدە قىلاتتى ۋە قولىنى كۆتۈرگەن چاغدا بارماقلىرىنى تولۇق ئېچىۋەتمەستىن ۋە قاتتىق يۇمۇۋالماستىن، نورمال ئېچىپ، ئالقان يۈزىنى قىبلە تەرەپكە توغرىلايتتى، ئاندىن ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، كىندىكىنىڭ ئاستىدا، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە چىمچىلاقى بىلەن سول قولىنىڭ بېغىشىنى تۇتۇپ تۇراتتى. بىز بۇ ھەقتىكى ھەدىسلەرگە نەزەر سالايلى:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىشىچە مۇنداق دېيىلگەن: **"ئەمەللەر جەزمەن نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەربىر كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسە مەنسۇپتۇر"** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). تىبرانى رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: **"سىلەر ناماز ئوقۇغاندا نىيەتلىرىڭلارغا دىققەت قىلىڭلار"**.

يۇقىرىقى ئىككى ھەدىستە ھەرقانداق كىشى ناماز ئوقۇماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن قايسى نامازنى ئوقۇيدىغانلىقىنى نىيەت قىلىشى لازىملىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن نامازنى باشلىغاندا "پالانى نامازنى ئوقۇيمەن" دەپ تىل بىلەن ئېيتىش پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىنمىغان بولسىمۇ، بىر قىسىم مۇجتەھىد ئالىملار ئاز بولمىغان مەشغۇلات ئىچىدىكى نامازغا يۈزلەنگەن قەلبىنىڭ باشقا ئوي – پىكىرلەردىن تولۇق خالىي بولۇشىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، تابىئىنلار دەۋرىدىن كېيىنلا ھەرقانداق نامازغا نىيەت قىلىش بىلەن بىرگە تىل بىلەنمۇ مەخپىي تەيىن قىلىشنى ياخشى دەپ قارىغان. بىراق ھەرقانداق كىشى قەلبىدىكى نىيەت بىلەنلا نامازنى باشلاپ كەتسە، شۇنىڭ ئۆزىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

نامازنى باشلايدىغان چاغدا تەكبىر ئېيتىپ باشلاش مەسىلىسى ھەققىدە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: **"نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتتۇر، نامازنىڭ باشلىنىشى تەكبىردۇر، نامازنىڭ ئاخىرلىشىشى سالام بېرىشتۇر"**.

يۇقىرىقى ھەدىستە نامازغا كىرىش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىش، تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن

بارلىقىنى نامازغا بېغىشلاش تەلەپ قىلىنغان.

ئىككى قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقى باراۋىرىدە كۆتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ۋائىل ئىبنى ھوجرىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىپ: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازغا تۇرغان چاغدا قول كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتقانلىقىنى كۆردۈم" دېگەن (ھەم ئۇ قولنى قۇلاقنىڭ يۇمشىقى باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى قول كۆتىرىش ھەيئىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن).

«ئاسارۇسسۇنەنى» دېگەن كىتابنىڭ 1 - توم، 163 - بېتىدە ۋە «مۇۋەتتا» دېگەن كىتابنىڭ 1 - قىسىم، 168 - بېتىدە مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلىپ: "پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناماز باشلاش ئۈچۈن تەكبىر ئېيتقاندا قولنى قۇلىقى بىلەن تەڭ كۆتۈرەتتى" دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە "قۇلىقىنىڭ باراۋىرىگىچە كۆتۈرەتتى" دېيىلگەن.

يۇقىرىقى ئىككى ھەدىسنىڭ روھى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ھەر كىم نامازغا تۇرغاندا قولنى قۇلاق باراۋىرىدە كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىش بىلەن ناماز باشلىشى سۈننەتكە مۇۋاپىق. قول كۆتۈرگەن چاغدا بارماقلارنىڭ قايسى ھالەتتە تۇرۇشى «مۇستەدرەك» دېگەن كىتابنىڭ 1 - قىسىم، 234 - ۋە 235 - بەتلىرىدە سەئىد بىننى سەمئان ئابۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىلگەن: سەئىد بىننى سەمئاندىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەنى زۇرەيق مەسچىتكە كىرىپ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىدىغان ئۈچ ئىش بار بولۇپ، ئۇ ئىشلارنى كىشىلەر تاشلاپ قويدى، بۇ ئىشلارنىڭ بىرى شۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازغا تۇرسا، مۇشۇنداق (قولنى كۆتۈرۈپ بارماقلىرىنى نورمال قىلغان ھالدا) قىلاتتى"، (بۇ چاغدا، بۇ ھەدىسنىڭ راۋىلىرىدىن بىرى بولغان ئەبۇ ئامىر قولنى كۆتۈرۈپ بارماقلىرىنى ئالاھىدە ئاچماستىن ۋە قاتتىق يۇمۇۋالماستىن، نورمال قىلىپ كۆرسىتىپ بەرگەن). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "شۈبھىسىزكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (نامازغا قول كۆتۈرگەندە) بارماقلىرىنى نورمال ئېچىپ تۇراتتى" دېگەن.

بۇ ئىككى ھەدىس بىزگە ناماز باشلاش ئۈچۈن قول كۆتۈرگەن ۋاقتىمىزدا بارماقلىرىمىزنى قانداق تۇتساق سۈننەتكە لايىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قول كۆتۈرۈپ تەكبىر ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، سەنا ئوقۇشتىن بۇرۇن ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە، كىندىكىمىزنىڭ ئاستىدا قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبىنى، تىبرانى بىلەن بەيھەقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا رىۋايەت قىلغان ئىككى ھەدىس ئىسپاتلاپ بېرىدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىز پەيغەمبەرلەر ئىپتارنى بالدۇرراق قىلىشقا، سوھۇرلۇقنى كېچىكرەپ يېيىشكە، نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق، دېگەنىدى". ھەججاج ئىبنى ھەسەن: "مەن ئابا مۇجلىزدىن 'قانداق قويىمىز' دەپ سورىسام، ئۇ "ئوڭ قولىمىزنىڭ ئاستىغراق قويىمىز" دەپ جاۋاب بەردى" دېگەنىدى. «ئاسا رۇسسۇنەنى» دېگەن كىتابنىڭ 1 - قىسىم، 71 - بېتىدە ئىبراھىم نەخەئى: "نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويىمىز" دەپ بايان قىلغان.

بۇ دەلىل ئىسپاتلار شۇنى بىلدۈرىدۇكى: نامازغا تۇرغاندا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىغا قويۇشىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئەگەر بىز بۇ مەسىلىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ دەلىل ئىزدەشكە موھتاج بولساق، ئەبۇ داۋۇد كىتابىنىڭ 1 - قىسىم، 201 - بېتىدە ئەبى جۇھەيپە ئارقىلىق مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "شۈبھىسىزكى، نامازدىكى سۈننەت قولنى قولنىڭ ئۈستىدە، كىندىكنىڭ ئاستىدا قويۇشتىن ئىبارەت" دېگەنىدى. ئىبنى ئەبى شەيبە بايان قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: "ئەلقەمە ئىبنى ۋائىل ئىبنى ھۇجرىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتقان: 'مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىدا قويغىنىنى كۆردۈم'".

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى، ساھابىلەر ۋە تابىئىنلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ "بىز پەيغەمبەرلەر ئىپتارنى بالدۇرراق قىلىشقا، سوھۇرلۇقنى كېچىكپرەك يېيىشكە ۋە نامازدا ئوڭ قولىمىزنى سول قولىمىزنىڭ ئۈستىگە قويۇشقا بۇيرۇلدۇق" دېگەن سۆزىگە ئۆز ئەمەلىيەتلىرى بىلەن چۈشەنچە بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز باشلىغاندا، تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىنلا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىدا قويۇپ بولۇپ ئاندىن سەنا ئوقۇيتتى يەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

"سۇبھانە كەللاھۇممە ۋەبى ھەمدىكە ۋە تەبارە كەسمۇكە ۋەتە ئالا جەددۇكە ۋەلائىلەھە غەيرۇكە" دەپ ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن "ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم، بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم" دەيتتى.

پەيغەمبىرىمىز يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى مەخپىي دەيتتى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزدىن ئايرىم چاغلاردا ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالاتتى، بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىز ناماز باشلىغاندا ئوقۇلىدىغان سىنانى (يەنى "سۇبھانە كەللاھۇممە "نى) ئۆگىتىپ قوياتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن سىنانى ئوقۇيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى" دېگەنىدى. نەسائى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: "مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنداقلا ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇغان، لېكىن ئۇلار سىنانى، ئەئۇزۇبىللاھنى ۋە بىسمىللاھنى ئۈنلۈك دېمىگەنىدى".

تىبرانىمۇ مۇشۇ مەزمۇندىكى بىرقانچە ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان بولغاچقا بىز ناماز ئوقۇغاندا يۇقىرىقىلارنى مەخپىي ئوقۇيمىز.

دېمەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقىلارنى ئوقۇپ بولۇپ سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلاتتى. بۇ ھەقتە مۇسلىم ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان:

"ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: 'مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇدۇم ۋە ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ ئارقىسىدىمۇ ناماز ئوقۇدۇم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرە فاتىھە بىلەن قىرائەتنى باشلايتتى. قىرائەتنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا بىسمىللاھنى قىرائەت قىلمايتتى' ".

مۇشۇ ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن نامازنىڭ قىرائىتىنى "الحمد لله رب العالمين" دەپ باشلاش لازىملىقىنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، بەزى ھەدىسلەردە ساھابىلەرنىڭ قىرائەتنى "بىسمىللاھ" بىلەن باشلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، بۇنىڭدا ئىسلامنىڭ دەسلەپىدە "بىسمىللاھ"نى ئوقۇشنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن "بىسمىللاھ"نى مەخپىي دەيدىغان بولغان. شۇڭلاشقا بەزىلەر "بىسمىللاھ" سۈرە فاتىھەنىڭ جۈملىسىدىن ئەمەس بەلكى قۇرئان كەرىمدىكى ئايرىم بىر ئايەت دەپ قارايدۇ. بىراق بەزى رىۋايەتلەردە "بىسمىللاھ" سۈرە فاتىھەنىڭ جۈملىسىدىن دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن، ھەر رەكئەت نامازنىڭ بېشىدا "بىسمىللاھ" دېيىش لازىمدۇر. ئەگەر "بىسمىللاھ" دېيىش ئۇنتۇلۇپ قالسا، "بۇ سەۋەنلىك ئۈچۈن نامازنىڭ ئاخىرىدا سەھۋە سەجدىسى قىلىش لازىم كېلىدۇ" دېيىلگەن ۋە "فاتىھەدىن كېيىن خالىغان سۈرە ئوقۇشتىن ئاۋۋال 'بىسمىللاھ' نى ئوقۇش ياخشى" دەپ رىۋايەت قىلىنغان.

يۇقىرىدا بىز بايان قىلغاندەك، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلىپ بولۇپ يەنە بىر سۈرە ياكى خالىغان سۈرىدىن ئاز دېگەندە ئۈچ ئايەت ئوقۇيتتى. لېكىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەخپىي ھالەتتە "ئامىن" دەيتتى ۋە باشقىلارغىمۇ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن "ئامىن" دېيىشنى بۇيرۇيتتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەرگە ۋە شۇ ھەدىسنىڭ مەنبەسى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نامازدا قۇرئاندىكى قايسى سۈرىدىن بولسۇن بىر ئايەت قىرائەت قىلىش نامازنىڭ زۆرۈر بولغان شەرتى. بىراق سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلىش، سۈرە فاتىھەدىن كېيىن خالىغان بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت قىرائەت قىلىش ۋاجىپتۇر. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن "ئامىن" دېيىش سۈننەتتۇر. بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئاساسى:

1. ئاللا تائالا 73-سۈرە «مۇززەممىل»نىڭ 20-ئايىتىدە: "قۇرئاندىن سىلەرگە ئاسان بولغانلىرىنى ئوقۇڭلار" دېگەن. سەھىھ مۇسلىمدىكى بىر رىۋايەتتە: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "قىرائەتسىز ناماز بولمايدۇ" دېگەنلىكىنى ئېيتقان.

مانا بۇ ھۆكۈم مۇتلەق ھۆكۈمدۇر. شۇڭا، نامازدا قۇرئاندىن بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىنسا، نامازدا قىرائەت قىلىشنىڭ پەرزى ئادا بولىدۇ، لېكىن ئۇ ناماز مۇكەممەل ئوقۇلغان ناماز بولماستىن، بەلكى نۇقسان بىلەن ئوقۇلغان ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىمام مۇسلىم مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغانىدى: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: "كىمكى ناماز ئوقۇپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، ئۇ ناماز تولۇق تامام بولمىغان ناماز بولىدۇ،

(رەسۇلۇللا بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغانىدى)".

يۇقىرىقى ھەدىس شۇنىڭ كۈچلۈك دەلىلى بولىدۇكى: سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز نۇقسان ناماز بولىدۇ، لېكىن باتىل (ئېتىبارسىز) ناماز بولمايدۇ. شۇڭا نامازدا سۈرە فاتىھە ئوقۇشنى ۋاجىپ دەپ قارايمىز. كىمكى نامازدا ئۇنتۇغانلىقتىن ياكى باشقا سەۋەب بىلەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، نامازنىڭ ئاخىردا سەھۋە سەجدىسى لازىم كېلىدۇ. ئەگەر قەستەن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىسا، نامازنى ئېھتىيات نۇقتىسىدىن قايتا مۇكەممەل ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مانا بۇ يەكۈن تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ تەلىپىدۇر: ئەبىي سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 'سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان ناماز كۇپايە قىلمايدۇ' دېگەنىدى" (بۇ ھەدىسنى ئىبنى خۇزەيمى ئۆز كىتابىنىڭ 248 ـ بېتىدە رىۋايەت قىلغان).

ئەمدى سۈرە فاتىھەدىن كېيىن "ئامىن" دېيىشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىگە كەلسەك: بۇ جەھەتتە ئاز بولمىغان ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەر بار ۋە شۇنداقلا سەلەفى سالىھىنلەرنىڭ روشەن ئۈرنەكلىرى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ: "سىلەر ئىمام 'غيرالمغضوب عليهم ولاالضالين' دېسە، 'ئامىن' دەڭلار! چۈنكى كىمنىڭ بۇ سۆزى پەرىشتىلەرنىڭ سۆزىگە توغرا كەلسە، ئىلگىرى قىلغان گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ".

ئەمدى بىز "ئامىن"نى مەخپىي دېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىگە كەلسەك، بۇنى تۆۋەندە بىرنەچچە نۇقتىغا بۆلۈپ ئىزاھلاپ ئۆتىمىز.

1. يۇقىرىدا بىز كۆرسەتكەن، ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ۋە سىياقى تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ:

(1) ئىمام "ئامىن"نى ئۈنلۈك دېمەيدۇ، چۈنكى بۇ يەردىكى شەرت ئىمامنىڭ "ولاالضالين" دېيىشىگە قويۇلغان. ئەگەر 'ئىمام "ئامىن"نى ئۈنلۈك دەيدىغان ئىش بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتنى ئىمام "ئامىن" دېسە، سىلەرمۇ "ئامىن" دەڭلار' دەپ بۇيرۇغان بولاتتى. دەرۋەقە ئەمەلىيەت بۇنداق ئەمەس.

(2) يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھى ۋە سىياقىدىن جامائەتنىڭ ئىمامغا ئىقتىدا قىلغاندا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمايدىغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ، ئۇنداق بولمىسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "سىلەر 'ولاالضالين' دېگەندە 'ئامىن' دەڭلار!" دېگەن بولاتتى. بىراق ئۇنداق دېمەي ئىمامنىڭ "ولاالضالين" دېيىشىگە بىزنىڭ "ئامىن" دېيىشىمىزنى شەرت قىلدى.

2. "ئامىن" دېگەن بۇ سۆز، ھەممىمىزگە مەلۇم، ئاللاتائالاغا ئىلتىجا قىلىنغان "قوبۇل قىل" دېگەن دۇئادىن ئىبارەت. ئىمام بۇخارىمۇ ئۆز كىتابىدا "'ئامىن' دېگەن دۇئادۇر" دېگەنىدى. شۇنداق بولغانىكەن، "ئامىن"نى جامائەتنىڭ مەخپىي دېگىنى ئەۋزەلدۇر. چۈنكى: (1) «قۇرئان كەرىم»دە: "سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارغا يىلىنغان ۋە مەخپىي ھالەتتە دۇئا قىلىڭلار" دېگەن ئايەت نازىل قىلىنغان. (2) ئىسنادى سەھىھ بولغان بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مەخپىي قىلىنغان دۇئا ئاشكارا قىلىنغان 70 دۇئا بىلەن تەڭ كېلىدۇ". ئىبنى ھەببان ئۆز كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ھەدىسنى خاتىرىلىگەن: "دۇئالارنىڭ ياخشىسى مەخپىي قىلىنغان دۇئادۇر".

يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھى دۇئادىن ئىبارەت "ئامىن" دېگەن بۇ جۈملىنى مەخپىي دېيىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

3. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن دېيىشكە بۇيرۇلغان "ئامىن" سۆزى سۈرە فاتىھەنىڭ جۈملىسىدىنمۇ ئەمەس، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ جۈملىسىدىنمۇ ئەمەس. ئەگەر بىز سۈرە فاتىھەدىن كېيىنلا شۇنىڭغا ئۇلاپ "ئامىن"نى ئوخشاش ئاۋازدا دېسەك، ئۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر سۈرە ياكى 3 ئايەت قوشۇپ ئوقۇساق، ئاز بولمىغان كىشىلەرگە "ئامىن" دېگەن سۆز "قۇرئاننىڭ جۈملىسىدىن ئوخشايدۇ" دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. شۇڭا بۇ ئېھتىماللىقنى يوق قىلىش يۈزىسىدىن "ئامىن"نى مەخپىي دېيىش ئەۋزەل دەپ قارالغان.

4. "ئامىن" دېگەن سۆزنى ئەلۋەتتە "ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىررەجىم" يەنى "قوغلاندى شەيتاندىن (ئاللاتائالاغا سېغىنىپ) پاناھ تىلەيمەن" دېگەن ئايەتتىن ئۈستۈن ياكى ئەلا دېگەن گەپنى ھېچكىم ئېيتمايدۇ، ھالبۇكى، ئاللاتائالا قۇرئاندا "سەن قۇرئان ئوقۇماقچى بولساڭ قوغلاندى شەيتاندىن (ئاللاتائالاغا سېغىنىپ) پاناھ تىلىگىن" دېگەن بۇيرۇقنى نازىل قىلغان تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن "'ئەئۇزۇبىللاھى' نى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارا دېگەن» دەپ ھېچقانداق سابىت بولمىدى. شۇنداق بولغان ئىكەن، يەنى «ئەئۇزۇبىللاھى» مەخپىي دېيىلگەنىكەن،«ئامىن» دىن ئىبارەت بۇ دۇئا كەلىمىسىنى مەخپىي دېيىش ئەلۋەتتە ئەۋزەل بولىدۇ.

5. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق نۇرغۇن ساھابىلەر، شۇنداقلا ئاز بولمىغان تابىئىنلار، جۈملىدىن ئىبراھىم نەخەئى، شەئبى ۋە ئىبراھىم تەيمى قاتارلىقلار «ئامىن»نى مەخپىي دېگەن. ھەم بۇنىڭ ئەۋزەللىكىنى دەلىل ئىسپاتلىق قىلغان.

بىزنىڭ «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى كۆچلەندۈرۈشىمىزدىكى سەۋەب تۆۋەندىكى ئۈچ نۇقتىدا ئىپادىلىنىدۇ:

(1) «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدا بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇ ھەقتە قايىل قىلارلىق دەلىل ئىسپات بولالايدۇ.

(2) نۇرغۇن ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى «ئامىن»نى مەخپىي دېيىش توغرىسىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ھۆججەت قىلغان.

(3) «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش شۇنداقلا مەيلى قايسى خىلدىكى دۇئا بولسۇن، ئۇ دۇئانى ئۈنلۈك قىلىش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇق قىلغانلىقى ياكى تەرغىب قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت خاتىرىلەنمىگەن. پەقەت بۇ ھەقتە «پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئامىن دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندۇق» دېگەنگە ئوخشاش ياكى «پەيغەمبىرىمىز ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئامىن دەيتتى» دېگەنگە ئوخشاش، تەشەببۇس تۈسىنى ئالمىغان پائالىيەت خاراكتېرلىك رىۋايەتلەرلا نەقىل قىلىنغان. بىز مەخپىي دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ يەنى مەخپىي دېيىش ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىدىكى يېقىن تۇرغان كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك ئاۋاز چىقىرىشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۈنىڭ بىلەن نامازدا يېقىن تۇرغانلار «پەيغەمبىرىمىز 'ئامىن' نى ئۈنلۈك دەيتتى» دېگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان، ھالبۇكى «ئامىن»نى ئۈنلۈك دېيىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە ئومۇملاشقان بولسا، ئۇ ھەقتىكى ھەدىس مۇتىۋاتىر ۋە مەشھۇر بولۇپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن ئەكسىچە نۇرغۇن ساھابىلەر بۇ ھەقتە ھەدىس رىۋايەت قىلمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن دىنىي ئەھكاملارنى ۋە زىكىر - تەسبىھلەرنى شۇنداق ئۇلارنىڭ ئىبادەتتىكى ئورنىنى مەخپىي دېيىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۆگىتىپ قويۇش مەقسىتىدە بىر مەزگىل ئۈنلۈك دەپ ساھابىلەرگە ئۆگىتەتتى. «ئامىن» مەسىلىسىمۇ بۇ خىل تەلىمات ئۇسۇلىدىن خالىي ئەمەستۇر. شۇنداق بولغاچقا بىز سۈرە فاتىھەدىن كېيىن «ئامىن»نى مەخپىي دېيىشكە تولۇق ئاساسقا ئىگىمىز.

ئەمدى گېپىمىزگە كەلسەك، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇپ بولۇپ تەكبىر بىلەن تەڭلا رۇكۇ قىلاتتى، ئىككى قولى بىلەن ئىككى تىزىغا تايىنىپ بارماقلىرىنى ئەركىن قويۇپ بېرىپ، بېشىنى ئېگىز ياكى پەس قىلىۋالماستىن ئۇچىسىنى تۈپتۈز قىلىپ ئېگىشەتتى. بۇ ھالەتتە ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سبحانه ربي العظيم (سۇبھانە رەببىيەلئەزىم)» دەيتتى. ئاندىن كېيىن «سمع الله لمن حمده (سەمىئەللاھۇلىمەن ھەمىدە)» دەپ ئۆرە بولاتتى. جامائەتلەر «ربنا لك الحمد (رەببەنا لەكەلھەمدۇ)» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىز راۋۇرۇس ئۆرە بولۇپ بولغاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىش بىلەن تەڭ سەجدىگە باراتتى. يۇقىرىقى تەكبىرلەرنى ئېيتقاندا قول كۆتۈرمەيتتى. سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزىنى، ئاندىن ئىككى قولىنى، ئاخىرىدا يۈزىنى ئىككى قولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەرگە قوياتتى. بۇ چاغدا بىلەكلىرىنى چىقىرىپ قورسىقىنى يوتىسىدىن يىراق تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھالەتتە ئەڭ ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم «سبحان ربي الاعلى (سۇبھانە رەببىيەلئەئلا)» دەيتتى.

نامازنىڭ ئوتتۇرىسىدا قول كۆتۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەقتىكى پائالىيەتلىرىگە ۋە تەشەببۇسلىرىغا نەزەر سېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەبەيدۇللا ئىبنى قىبتىيە جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلغان: جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ مۇنداق دېگەن، دەيدۇ: «سىلەر نېمىشقا قولۇڭلارنى جىم تۇرمايدىغان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك كۆتۈرۈۋالسىلەر؟! ناماز دېگەندە جىم تۇرۇڭلار!» تىرمىزى ۋە نەسائىلەرنىڭ رىۋايىتىدە ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرقانچە ھەدىس رىۋايەت قىلغان: ئەلقەمە رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد بىزگە 'مەن سىلەرگە رەسۇلۇللا ئوقۇغان نامازدىن خەۋەر بېرەيچۇ' دەپ ناماز ئوقۇغىلى تۇردى، ئۇ نامازنى باشلىغاندا بىر قېتىم قول كۆتۈردى. كېيىن قايتا قول كۆتۈرمىدى "**. ئەسۋەد رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ناماز ئوقۇدۇم، لېكىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازدا، ناماز باشلىغان چاغدىكى تەكبىردىن باشقا ھېچقانداق جايغا قولىنى كۆتۈرمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن شەئبى، ئىبراھىم ۋە ئەبا ئىھساقلارنى ناماز ئوقۇغان ھالدا كۆردۈم، ئۇلارمۇ پەقەت ناماز باشلىغان چاغدا بىر قېتىم قول كۆتۈردى (باشقا جايلاردا قوللىرىنى كۆتۈرمىدى)."** (بۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبى شەيبى، ھەسەن ئىبنى ئاياش ۋە تەھاۋى قاتارلىقلارمۇ رىۋايەت قىلغان). يەنە ئاسىم ئۆز دادىسىدىن رىۋايەت قىلىشىچە **"ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ناماز باشلىغاندىن باشقا ھېچقانداق يەردە قول كۆتۈرمەي ناماز ئوقۇغان"**.

يۇقىرىقى ھەدىسلەر شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ناماز باشلىغان چاغدا تەكبىر ئېيتىپ قول كۆتۈرۈشتىن باشقا رۇكۇ – سەجدىنىڭ ئالدى – كەينىدە قول كۆتۈرۈش لازىم ئەمەس. بۇ جايلاردا قول كۆتۈرۈش توغرىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بولسىمۇ، لېكىن خەلىپىلەر ئىچىدىن ئابۇبەكرى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ، ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ قاتارلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارمۇ بۇ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىشنى تەرك ئەتكەن. شۇنداقلا تابىئىنلار دەۋرىدە قايسىبىر فىقھە ئالىمى بولسۇن، بۇ ھەدىسنى مەنسۇخ دەپ قارىغان. شۇ جەھەتتىن نامازنىڭ باشلىنىشىدىن باشقا جايلاردا قول كۆتۈرۈش لازىم كەلمەيدۇ.

بۇ مەسىلە ۋە "ئامىن" مەسىلىسى توغرىسىدا تەپسىلىي ئەسكەرتىپ يېزىلغان كىتابلاردا نۇرغۇن دەلىل – ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، سەھىپە مۇناسىۋىتى بىلەن قىسقارتىپ يەتكۈزدۇق.

مەيلى قايسى قاراشتا بولايلى، بىزگە يەنى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە تىنچ – ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا مۇھەببەت كېرەك، بىز بۇ ئىتتىپاقلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى قوغداش يولىدا بەزى قاراشلىرىمىزنى قۇربان بەرسەك ئەلۋەتتە ئەرزىيدۇ.

ئەمدى بىز ئۆز بايانىمىزغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرىنچى سەجدىنى قىلىپ بولۇپ ئاندىن سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلىگەن ھالدا بىرئاز ئولتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن تەكبىر ئېيتىپ ئىككىنچى سەجدىگە باراتتى. بۇ سەجدىنى قىلىپ بولۇپ، قولى بىلەن يەرگە (ياكى باشقا نەرسىلەرگە) تايانماستىن پەقەت تىزىنى تۈتۈپلا، تەكبىر ئېيتىش بىلەن تەڭ دەس ئورنىدىن تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى رەكئەتنى "الحمد لله رب العالمين..." دەپ قىرائەت باشلاش ئارقىلىق داۋاملاشتۇراتتى. بۇ رەكئەتتە ئوقۇلىدىغان قىرائەت ئۇسۇلى ۋە زىكىر – تەسبىھ قائىدىلىرى، شۇنداقلا رۇكۇ – سەجدە قىلىش ئۇسۇلى ئاۋۋالقى رەكئەتتىكىگە ئوخشاش ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئىككىنچى رەكئەتتىكى ئىككىنچى سەجدىنى مۇكەممەل ئورۇنداپ بولۇپ، سول پۇتىنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى. پۇتلىرىنىڭ بارماق ئۇچىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىدە قويۇپ تۇرۇپ، "ئەتتەھىيياتۇ لىللاھى، ۋەسسەلەۋەتۇ ۋەتتەييىبات، ئەسسەلامۇئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ، ۋە رەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ، ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھۇ" دەپ ئوقۇيتتى. ئاندىن كېيىن ئىككى دۇرۇتنى ئوقۇيتتى ۋە ئۆزىگە، ئاتا ئانىسىغا ۋە بارلىق مۆمىنلەرگە مەغپىرەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى. ئوقۇغان دۇئالار پەقەت قۇرئان كەرىمدىكى دۇئالار مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتمىگەن دۇئالار ئىدى. ھەرگىز خەلق ئېغىزىدىكى ئاساسسىز دۇئالارنى ئوقۇمايتتى. ئاندىن كېيىن ئوڭ تەرەپكە "ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھ" دەپ ۋە سول تەرەپكىمۇ شۇنداق دەپ سالام بېرەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك ناماز ئوقۇماقچى بولسا، ئىككى رەكئەت ئوقۇپ ئولتۇرۇپ گۇۋاھلىق بېرىش كەلىمىسىنى (ئەتتەھىيياتۇنى) ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن باشقا ھېچقانداق نەرسە ئوقۇماستىن ئورنىدىن تۇرۇپلا سۈرە فاتىھەنى ئوقۇشقا باشلايتتى. بۇ رەكئەتلەردە (يەنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى رەكئەتلەردە) سۈرە فاتىھەدىن باشقا، سۈرە ئوقۇمايتتى. قالغان رۇكۇ – سەجدە ئۇسۇللىرى ۋە ئوقۇلىدىغان زىكىر – تەسبىھلەر ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتكە ئوخشاش ئورۇندىلاتتى. (سۈننەت نامازلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكئەتلىرىدىمۇ سۈرە فاتىھەدىن كېيىن باشقا ئايەتلەرنى قوشۇپ قىرائەت قىلمايتتى).

يۇقىرىقى بايانلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ناماز ئوقۇش ئۇسۇلى بولۇپ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلنى ئورغۇن مۇجتەھىد ئالىملىرىمىز ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ تۆۋەندىكىدەك يەكۈنلەرنى چىقارغان.

**1. نامازنىڭ شەرتلىرى:** نامازنىڭ شەرتلىرى يەتتە تۈرلۈك بولۇپ تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ناماز ئوقۇغۇچى تاھارەت ئېلىش.
(2) بەدىنىنى پاكلاش.
(3) ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇننى پاكلاش.
(4)ئەۋرەتنى ياپقۇدەك پاك كىيىملەرنى كىيىش.
(5) ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش.
(6) قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش.
(7) نىيەت قىلىش.

**2. نامازنىڭ پەرزلىرى:**

(1) تەكبىر تەھرىمە (يەنى: نامازدىن باشقىنى ھارام قىلىش).
(2) ئۆرە تۇرۇش.
(3) بىر ئايەت بولسىمۇ قىرائەت قىلىش.
(4) رۇكۇ قىلىش.
(5) سەجدە قىلىش.
(6) ئاخىرقى تەشەھھۇد مىقدارى ئولتۇرۇش قاتارلىقلار.

**3. نامازنىڭ ۋاجىپلىرى:**

(1) سۈرە فاتىھە ئوقۇش.
(2) سۈرە فاتىھەگە قوشۇپ بىر سۈرە ياكى ئۈچ ئايەت ئوقۇش.
(3) ئەڭ ئاۋۋال فاتىھە ئوقۇش.
(4) پەرز نامازنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتتە قىرائەتنى تەيىنلەش.
(5) ناماز ئەركانلىرىنى تولۇق ئورۇنداش.
(6) ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك نامازدا ئىككى رەكئەتتىن كېيىن ئولتۇرۇش.
(7) ئولتۇرغاندا "ئەتتەھىيياتۇ"نى (گۇۋاھلىق بېرىش كەلىمىسىنى) ئوقۇش.
(8) نامازدىن چىققاندا سالام بېرىپ چىقىش.
(9) ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش.
(10) ھېيت نامازلىرىدىكى بارلىق تەكبىرلەرنى ئېيتىش.
(11) ئىمام بولغۇچى بامدات، جۈمە، ئىككى ھېيت نامازلىرىدا ۋە رامىزاندىكى تەراۋىھ، ۋىتىر نامازلىرىدا ۋە شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكئەتلىرىدە ئۈنلۈك قىرائەت قىلىش.
(12) يۇقىرىقى نامازلاردىن باشقا نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي قىلىش قاتارلىقلار.

**4. نامازنىڭ سۈننەتلىرى:**

(1) تەكبىر تەھرىمىدە ئىككى قولنى قۇلاق باراۋەرىدە كۆتۈرۈپ، ئاندىن ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە، كىندىكنىڭ ئاستىدا قويۇش.
(2) سەنا ئوقۇش.
(3) "ئەئۈزۇبىللا" دېيىش.
(4) "بىسمىللا" دېيىش.
(5) سۈرە فاتىھەدىن كېيىن "ئامىن"نى مەخپىي دېيىش.
(6) رۇكۇدىن تۇرغاندا "سمع الله لمن حمده" ۋە "ربنا لك الحمد" دېيىش.
(7) يۆتكىلىش تەكبىرلىرىنى ئېيتىش.
(8) رۇكۇ ــ سەجدىدە تەسبىھ ئوقۇش.
(9) رۇكۇدا تىزنى ئۇلچەملىك تۇتۇش.
(10) ئولتۇرغاندا سول پۇتنى ياتقۇزۇپ، ئوڭ پۇتنى تىكلەپ سول پۇتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇش.
(11) ئولتۇرغاندا قولنى يوتىسىنىڭ ئۈستىدە قويۇش.
(12) ئۈچ ياكى تۆت رەكئەتلىك پەرز نامازنىڭ ئاخىرىدىكى ئىككى رەكئەتتە قىرائەت قىلىش.
(13) ئىمام مەخپىي قىرائەت قىلىدىغان نامازدا تەكبىرلەرنى ۋە سالامنى ئۈنلۈك ئېيتىش.
(14) نامازنىڭ ئاخىرىدا ئولتۇرغاندا دۇرۇت ئوقۇش.
(15) دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن دۇئالارنى قىلىش.
(16) (ئىككى) سالام بەرگەندە ئوڭ-سولغا بۇرۇلۇش.
(17) ئىمام سالام بەرگەندە جامائەتنى، پەرىشتىلەرنى ۋە سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىش.
(18) جامائەت سالام بەرگەندە ئىمامنى نىيەت قىلىش.
(19) ھەربىر جامائەت سالام بەرگەندە ئىككى تەرەپتىكى جامائەتنى ۋە مالائىكىلارنى ھەم سالىھ جىنلارنى نىيەت قىلىش.
(20) يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسا سالام بەرگەندە پەقەت مالائىكىلارنىلا نىيەت قىلىش قاتارلىقلار.

**5. نامازنىڭ مۇستەھەبلىرى:**

(1) قول كۆتۈرگەندە قولنى يەڭدىن چىقىرىش.
(2) باش كىيىم كىيىش.
(3) ئۆرە تۇرغاندا سەجدە قىلىدىغان جايغا، رۇكۇ قىلغاندا قەدىمىنىڭ ئۈستىگە، سالام بەرگەندە مۈرىسىگە قاراپ تۇرۇش.
(4) ئىمكانقەدەر يۆتەلمەسلىك.
(5) ئىمكانقەدەر ئەسنىمەسلىك.

شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى: مۇجتەھىدلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئىنچىكىلەپ، ناماز توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىشى ئارقىلىق، ناماز ئوقۇش جەريانىدا ئاياللار دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرقانچە نۇقتا ئىزاھلاپ بېرىلگەن:

(1) ئوڭ قولنى سول قولنىڭ ئۈستىگە قويغاندا كۆكسىدە قويۇش.

(2) قول كۆتۈرگەندە قولنى يەڭدىن چىقارماسلىق.

(3) قول كۆتۈرگەندە مۈرىسى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈش.

(4) رۇكۇغا بارغاندا بارماقلىرىنى ئاچمايلا ھەم تۇتۇپ تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇش.

(5) رۇكۇغا بارغاندا بەك ئېگىشمەسلىك.

(6) رۇكۇغا بارغاندا جەينىكىنى بېقىنىغا چاپلاپ تۇرۇش.

(7) سەجدە قىلغاندا قورسىقىنى يوتىسىغا چاپلاپ تۇرۇش.

(8) ئولتۇرغاندا ئىككىلا پۇتىنى ئوڭ تەرەپكە ياتقۇزۇپ يەردە ئولتۇرۇش.

(9) سەجدىگە بارغاندا بېلىكىنى يەرگە قويۇش.

(10) ھېچقانداق جايدا ئاۋاز چىقارماسلىق.

**6. نامازنىڭ مەكرۇھلىرى:**

(1) نامازدا كىيىم-كېچەك ياكى بەدەنلىرىنى ئويناش.

(2) ئالدىدىكى تاش پارچىلىرىنى ئۇ يان-بۇ يانغا يۆتكەش.

(3) قول – پۇتلىرىدىن قاس چىقىرىش.

(4) بېقىنىنى تۇتۇش.

(5) كىيىم – كېچەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈش.

(6) چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈش.

(7) بويىنىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش.

(8) ئىت ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇش.

(9) سەجدە قىلغاندا بېلىكىنى سۇنۇپ تۇرۇش.

(10) باشقىلارغا قولى بىلەن سالام بىلدۈرۈش.

(11) چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇش.

(12) پېشانىسى ۋە بۇرنىدىكى نەرسىلەرنى چىقىرىش.

(13) ئېغىزدا تۇرۇپ قالغان نەرسىلەرنى چىقىرىش.

(14) نامازنىڭ كەيپىياتىنى بۇزىدىغان ياكى نامازنىڭ كەيپىياتىغا دەخلى يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئامىللارنى سادىر قىلىش ياكى خىيال قىلىش قاتارلىقلار.

**7. ناماز بۇزۇلىدىغان سەۋەبلەر:**

(1) يەپ – ئىچىش.

(2) ناماز جۈملىسىدىن بولمىغان ئىشلارنى قىلىش.

(3) قەستەن تاھارەت سۇندۇرۇش.

(4) ئۈچ قەدەمدىن ئارتۇق مېڭىش.

(5) قىبلىدىن باشقا تەرەپكە قاراش.

(6) ئايلىنىپ كېتىش.

(7) ئېلىشىپ قېلىش.

(8) ئېھتىلام بولۇش.

(9) يات جىنىس كىشىلەرگە كۆڭلى ئىنتىلگەندەك ياشقا توشقان ئەر – ئاياللار ياندىشىپ تۇرۇپ بىر نامازنى جامائەت بولغان ھالەتتە ئوقۇش.

(10) ئەۋرەت ئېچىلىپ قېلىش ياكى نىجاسەت يۇقۇپ قېلىش.

(11) ئۆزى ئاڭلىغۇدەك كۈلۈش.

(12) بىر كەلىمە بولسىمۇ سۆز قىلىش.

(13) باشقىلارغا سالام قىلىش.

(14) باشقىلارنىڭ سالىمىنى تىلى بىلەن قايتۇرۇش.

(15) ئۇھ تارتىش.

(16) ئېنجىقلاش.

(17) ئاھ ئۇرۇش.

(18) ئاخىرەت ئەسلىمىسىدىن باشقا نەرسىلەر ئۈچۈن ئاۋازلىق يىغلاش.

(19) چۈشكۈرگۈچىگە رەھمەت تىلەش.

(20) سوئالغا جاۋاب بېرىش.

(21) ئىسترجا ئوقۇش (يەنى يامان خەۋەر ئاڭلىغاندا ئۆزىنىڭ ئاللاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تىلى بىلەن ئىپادىلەش).

(22) ياخشى خەۋەر ئاڭلىغاندا ئاللاغا ھەمد ئوقۇش.

(23) ئىشلارغا ئەجەبلەنگەنلىكىنى تىلى بىلەن بىلدۈرۈش.

(24) باشقىلارغا خىتاب قىلىش.

(25) ئۆز ئىمامىدىن باشقىلارغا لوقما سېلىش.

(26) قۇرئاننى مەنە بۇزۇلغۇدەك ھالەتتە بۇزۇپ ئوقۇش.

بىز مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان نامازنىڭ قائىدە تۈزۈملىرىگە ۋە ئۇنىڭ كەيپىياتىغا رىئايە قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا قىلغان ئىبادىتىمىز، ئوقۇغان نامىزىمىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۆز رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئاخىردا ھەممىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاتائالا توغرا يولغا باشلىغاي. بىر – بىرىمىزنىڭ دىللىرىمىزنى ئىناق – ئىتتىپاق ۋە ئىبادەتلىرىمىزنى مەقبۇل قىلغاي! ئامىن.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەك!

مەمتىمىن سېيىت

١

ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەنلىك — ئاللاتائالادىن باشقا بۇت، دەرەخ، ھايۋان، قەبرە ـ مازار، ئاسمان جىسىملىرى، تەبىئىي قۇۋۋەتلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىش ياكى مەلۇم شەخسلەرنى چوقۇنىدىغان ئىلاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ياكى ئاللاتائالانىڭ ئوغۇل ـ قىزلىرى بار دېگەندەك ئېتىقادلار بىلەن ئاللانى ئىنسانلارغا ئوخشىتىش ئارقىلىق باشقا نەرسىلەرنى ئاللانىڭ دەرىجىسىگە چىقىرىش بىلەن ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، ئاللاتائالا ئاسمان ـ زېمىننى ۋە ئۇلار ئىچىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئىنسانلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ياراتقان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۇلارنى ئۆزلىرىگە بويسۇندۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئالاھىدە مۇھىت، شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەردى ھەمدە بۇ مەۋجۇداتلارنى ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ياراتمىدى، بەلكى ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ بارلىقىغا ـ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان دەلىل ـ پاكىتلارنى بۇ مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدە ئورۇنلاشتۇردى. شۇڭا ئىنسانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئاشۇ مەۋجۇداتلاردىن پايدىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلاردا كۆرسىتىلگەن دەلىل ـ پاكىتلار ئارقىلىق ئاللاتائالانى تونۇپ، ئۇنىڭ بارلىقىغا ھەم بىرلىكىگە چىن كۆڭلىدىن ئىمان ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ياندۇرۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىپ، يالغۇز ئاشۇ بىر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىش ئۇلارنىڭ بەندىلىك مەجبۇرىيىتى. بۇ ھەقتە، ئاللا تائالا سۈرە «زارىيات» (15 ـ سۈرە) نىڭ 56 ـ ئايىتىدە **"مەن جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم"** دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى: ئىبادەت قىلىشقا لايىق پەقەت بىرلا ئاللا بولۇپ، ئىبادەتنى ئاشۇ ئاللاغىلا قىلىشقا بولىدۇكى، باشقا ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلىشقا بولمايدۇ.

بىراق نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بىزنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمىزدا، ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلىرىمىزدە ئېتىقاد جەھەتتىكى چۈشەنچىلەرنىڭ ئاجىزلىقلىرى تۈپەيلىدىن، سەزگەن ياكى سەزمىگەن ھالدا ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىگە شېرىك كەلتۈرۈپ قويىدىغان خاھىشلار، ئىللەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىر قىسىم كىشىلەر " لااله الاالله محمد رسول الله " (لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا) دېگەن بۇ ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى، ماھىيىتىنى تولۇق چۈشەنمەي، ئاغزاكى ئوقۇپ قويۇش بىلەن كۇپايىلىنىپ، ئاللاتائالانىڭ سۈپەتلىرى مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلاشمايدۇ ھەم بۇنى چوڭقۇرلاپ چۈشەنمەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن سەزمىگەن ھالدا ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ. بۇ خىلدىكى كىشىلەر ئاللاتائالانىڭ بارلىقىغا ھەم قۇدرىتىگە ئىشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئاللاتائالانىڭ بىرلىكىنى قانداق چۈشىنىش، ئۇنىڭغا قانداق ئېتىقاد بىلەن ئىبادەت قىلىش مەسىلىسىدە چوڭقۇرلاش بولمىغانلىقتىن، جەمئىيەتتىكى خاتا كۆز قاراش، خاتا ئېقىملارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، تەبىئىي ھالدا كۆز قاراش، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، كۈندىلىك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش جەھەتلەردە ئۆز ئېتىقادىنى بۇلغىۋالىدىغان، دىنىي ئىبادەتنىلا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئىش ـ پائالىيىتىدىمۇ ئاللاتائالادىن باشقا نەرسىلەرنى ئاللىنىڭ ئورنىدا قويۇۋالىدىغان شېرىكچىلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق يۈزەكى ئېتىقاد بىلەن بولغان كىشىلەر مۇسۇلمانلىق نامى بىلەن جەمئىيەتتە ياشىسىمۇ، ئەمما ئۇلار دۇنيالىقنى ئاخىرەتلىكنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئىش ئېلىپ بارىدۇ، يۈز ئابرۇيىنى قوغلىشىپ، ماددىي دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا باش ئۇرۇپ چوقۇنىدىغان، پۇل ـ

دۇنيا بولسىلا ھەممە ئىش پۈتىدۇ دەپ قارايدىغان خاتا ئىدىيىلەرگە چۆكۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر ئاللاتائالاغا چوقۇنۇش ئىشى ئۆرۈلۈپ ماددىي دۇنياغا چوقۇنۇش ھالىتىگە ئۆزگىرىدۇ، ھەمدە ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش پاتقىقىغا پاتىدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاللاتائالاغا بولغان تونۇشى، ئېتىقادى چوڭقۇر بولمىغانلىقتىن، ئۇلار نېمىنىڭ ئاللا تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، جەمئىيەت ئېقىمىغا ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنىمۇ پەقەت بىر ئاللاتائالا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەن قىلمىسام باشقىلار مېنى بىرنەرسە دېمىسۇن، ياكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قالماي، ئۆلسەم نامىزىمنى چۈشۈرىدىغان ئادەم چىقماي قالارمىكىن دېگەندەك ئېتىقادلار بىلەن جامائەتچىلىكتىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ناماز ئوقۇيدىغان، روزا تۇتىدىغان ئەھۋاللار بىلەن، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى ئالدىنقى قاتاردا قويۇپ تۇرۇپ، ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىشتەك شېرىكچىلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يەنە بەزى يېزا - قىشلاقلاردا، ساددا مۇسۇلمانلىرىمىز ئاغرىپ قالسا دوختۇرغا بارماي مازار - غوجاملارنى يوقلاپ، ئەرۋاھلاردىن مەدەت تەلەپ قىلىش، جىن - ئالۋاستىلارغا ئىسرىق سېلىپ شىپالىق تەلەپ قىلىشتەك شېرىكچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئەقىدىسىنى بۇزۇۋېلىۋاتىدۇ.

بۇ ئەھۋاللاردىن شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى: بىر قىسىم مەن مۇسۇلمان دەپ يۈرىدىغان قېرىنداشلىرىمىز ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ بارلىقىنى ھەم بىرلىكىنى بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاللانىڭ غەيرىيگە چوقۇنۇش، ئاللانىڭ غەيرىيدىن مەدەت تەلەپ قىلىشتەك ئەقىدىگە خىلاپ ئىش - ھەرىكەتلىرى بىلەن خاتا ئىبادەت، ساختا ئېتىقادلارنىڭ سۆلەتلىك ئىسكەنجىسىدىن خالىي بولالمايۋاتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: "بۇ ئۈممەتنىڭ ئىچىدە شېرىكچىلىك (ئىدىيىسى) خۇددى چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ مەخپىيرەك ھالدا بولىدۇ" بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەدىسىدە، ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىشىنىڭ كىشىلەر سەزمىگەن ھالدا ئالاھىدە يوشۇرۇن بولىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ھەر دائىم شېرىكچىلىك ئىدىيىسىدىن سەگەكلىك بىلەن ھەزەر ئەيلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋاقتىدا، ساھابىلار: "بىز ئۇنىڭدىن قانداق قىلساق قۇتۇلالايمىز؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز جاۋاب بېرىپ: "مەن بىلىپ تۇرۇپ ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن پاناھ تىلەيمەن ۋە مەن بىلمەي تۇرۇپ (ساڭا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشۇم) ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، دەڭلار" دېگەن.

ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈش ئادەمنى ئىماندىن ئاجرىتىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ بارلىق قىلغان ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاللاتائالانىڭ ئالدىدا زور گۇناھكار بولىدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە: "شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر" دېگەن (31 - سۈرە «لوقمان»، 12 - ئايەت). شۇڭا ئاللاتائالا بۇنداق شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ. ئاللاتائالا "ئاللا ئۆزىگە بىرەر نەرسىنىڭ شېرىك كەلتۈرۈلۈشىنى (يەنى مۇشرىكلىك گۇناھىنى) ئەلۋەتتە مەغپىرەت قىلمايدۇ، بۇنىڭدىن باشقىنى (ئاللا ئۆزى) خالىغان ئادەمگە مەغپىرەت قىلىدۇ" دېگەن. (4 - سۈرە «نىسا»، 116 - ئايەت). شۇڭا بىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا شۇنى تەۋسىيە قىلىمىزكى: بىز ھەر دائىم ئاللاتائالانى ياد ئېتىپ تۇرۇشىمىز، ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتلاردا ئاللاغا شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلىشىمىز، ئۆزئارا بىر - بىرىمىزگە ھەققانىيەت يولىدا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك.

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە قىسمەن كىشىلەر ئازراق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغىنىدا "ياالله" دېمەستىن بەلكى "ھەزرىتى ئىمام ئەزەم"، "ياغەۋسىل ئەزەم"، "ھەزرىتى ئاپئاق غوجام"، "ئىشمىس پاتىمەم" دېگەندەك بىر قاتار چاقىرىق ئىدالىرى بىلەن ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا ئاللاتائالاغا شېرىك كەلتۈرىدىغان ئىبارىلەرنى تىلغا ئالىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ خاتالىق ھەم شېرىكچىلىككە ياتىدىغان ئېغىر ئەھۋال. مۇشۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئاشۇ كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىشى، ئۇلارنى ئەقىدىگە خىلاپ بۇ ئىشلاردىن توسۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە يوليورۇق بېرىپ: «الدين النصيحة» دەپ، دىنىمىزنىڭ دەل ئۆزىمۇ نەسىھەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

---

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: مۆھتەرەم ھاجى، شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەپۇچان كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتى

ئىبراھىم ما فېڭكۆي

باشقىلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلىدە بولۇش، ھەممە ئىشتا كەڭ قورساق بولۇش «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتە تەكىتلەنگەن ئېسىل پەزىلەتتۇر. بۇ يەنە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭمۇ ئەنئەنىۋى ئېسىل پەزىلىتىدۇر. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە غەزىپىنى باسالايدىغان، ئەپۇچان كىشىلەرنى ئاللانى رازى قىلىدىغان ياخشى كىشىلەر قاتارىغا قويغان. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "تەقۋادارلار كەمبەغەللىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللا يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللا ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (3 ـ سۈرە «ئال ئىمران»، 134 ـ ئايەت). پەقەت ئەقىل ـ ئىدراكى جايىدا، باشقىلارنىڭ سەۋەبسىز زىيانكەشلىكىگە سەۋر ـ تاقەت قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ بۈيۈك كۆڭلىدىلا ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىقتەك ئۇلۇغۋار پەزىلەت بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ" (41 ـ سۈرە، «فۇسسىلەت»، 34 ـ، 35 ـ ئايەتلەر).

مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن جۇ گۇن ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە: "دانىشمەنلەر باشقىلار سەۋر قىلالمايدىغان ئىشلارغا سەۋر قىلالايدۇ، باشقىلار ئەپۇ قىلالمايدىغان ئىشلارنى ئەپۇ قىلالايدۇ، باشقىلار چىقىشالمايدىغان كىشىلەر بىلەن چىقىشالايدۇ" دېگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كىشىلەرنى ئەپۇچان، سەۋرچان قەلب بىلەن ھەممە ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالايدىغان سالاپەتكە ئىگە بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. ۋەھالەنكى رېئال تۇرمۇشتا بىر قىسىم كىشىلەر ھەر دائىم ئەرزىمەس، تىلغا ئالغۇسىز كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن ئاداۋەتلىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۆچەكىشىدۇ، بىر ـ بىرىنى ھاقارەتلىشىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ، جانغا زامىن بولۇشتەك ئېچىنىشلىق دىلولارنى پەيدا قىلىدۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ زەخىم يەپ، ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىدۇ. كىچىك چېغىمدا ئاتامنىڭ دائىم ماڭا قىلىدىغان مۇنداق بىر ئېغىز نەسىھىتى ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: "زىيان ـ بەختتۇر، زىيان تارتىش ـ بەخت تېپىشتۇر". ئەينى ۋاقىتتا بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشىنەلمىگەنىدىم، ھازىر ئىنچىكىلەپ ئويلاپ، ئەمدى بۇ سۆزنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ئىلگىرى ئۆتكەن ئىماملار: "سەۋر قىلىۋەرسەڭ، ئاللانىڭ پاناھىغا ئېرىشىسەن" دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن. بۇ سۆز كىشىلەرنى سەۋر ـ تاقەتلىك بولۇشقا، غەزىپىنى بېسىشقا، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ خىل ئېسىل پەزىلەت ھەم دىنىي ئەھكاملارغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، ھەم تىنچ، ئىناق بولۇشقا پايدىلىقتۇر.

«ھەدىسلەر توپلىمى»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئەينى چاغدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بارغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "قېيىرگە بارساڭ (تاماق تاللىماي) ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى يېگىن" دېگەن. ئەلى سىرتقا چىقىپ، بىر بەتبەشىرە پاقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېلىشقان بولسىمۇ ئۇ پاقىنى يەۋەتكەن. پاقىنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ناھايىتى مەززىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا

قايتىپ كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: "سەن دەسلەپتە ئۇنى كۆرۈپ ناخۇش بولدۇڭ، ناھايىتى تەستە ئۇنى يېڭدىڭ، يەپ بولغاندىن كېيىن بولسا ئۇنىڭ ناھايىتى مەززىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىڭ. ھەرقانداق ئىشتا سەۋرچان بولۇش ناھايىتى ئېسىل پەزىلەتتۇر" دېگەن. بىر شېئىردا: "كۆڭلى ـ كۆكسىڭ بولسا كەڭ، ئېرىشسەن مۆھلەتكە، خاتىرجەملىك-ئامانلىق، ئىگە قىلار پۇرسەتكە" دېيىلگەن. بۇ شېئىردا ساداقەتمەن، كەڭ قورساق كىشىلەرنىڭ ھەم ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلالايدىغانلىقى، ھەم ناھەق ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرالايدىغانلىقى، ئۆزىگە مەلۇم ئىمكانىيەت قالدۇرالايدىغانلىقى ئىنچام ۋە مېغىزلىق بايان قىلىنغان. تىنچ ـ ئامانلىقنى تەكىتلىگۈچى كىشىلەر پەزىلەت ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلىتى ئاللانىڭ ھىكمەتلىك كۆرسەتمىلىرىگە تولىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇلار ئاللانىڭ غايىبانە ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە چىداش، كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇش ھىدايەتكە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم بەلگىسى. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللا كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بارىدۇ)، ئاللا كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ)، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللا مۇشۇنداق ئازابلايدۇ" (6 ـ سۈرە «ئەنئام»، 125 ـ ئايەت). ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر كىشى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: "ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! مېنىڭ بەزى يېقىن تۇغقانلىرىمغا ياردەم قىلسام ئۇلار مېنى نەزىرىگە ئىلمىدى؛ مەن ئۇلارغا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلسام، ئۇلار بۇنى خاتا چۈشەندى؛ مەن ئۇلارنى ئەپۇ قىلسام، ئۇلار مېنى ئەخمەق قىلدى" دېگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: "بۇ ئىشلار راستلا سەن دېگەندەك بولىدىغان بولسا، ئۇلار قوقاس يەۋالغاندەك ئازابلىنىدۇ، سەن بۇ ئىشلىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭلا، ئاللا ساڭا غايىبانە ياردەم قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرىدىن توسىدۇ" دېگەن («دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ يېتىلىشى» دېگەن كىتابنىڭ 257 ـ بېتىگە قاراڭ). ئىنسان بۇ دۇنيادا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، خىزمەت قىلىدۇ، بىلىم ئالىدۇ، تاماق يەيدۇ، كىيىم كىيىدۇ، يول ماڭىدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس، ھامان زىددىيەت، سۈركىلىش، تالاش ـ تارتىش، خاتا چۈشىنىش، ئۇۋالچىلىقلارغا ئۇچراش ۋە ئازاب ـ ئوقۇبەت تارتىشتىن خالىي بولالمايدۇ. قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتەلمەسلىك، كەسىپداشلار بىلەن چىقىشالماسلىق، دوستلارنىڭ ساداقەتسىزلىكى، قېرىنداشلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىناقسىزلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كىشىنى ھېسسىيات پاتقىقىغا پاتتۇرۇپ، ئۇلارنى قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالدۇرىدۇ، ئازابلايدۇ، نەپرەتلەندۈرىدۇ. تاسادىپىي مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا، شۇ كىشى ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپنى قىبلىنامە قىلىپ، دىنىي نەسىھەتلەرگە ئەمەل قىلسا، دوستلۇقنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ روھىي كەيپىياتىنى ۋاقتىدا تەڭشىيەلىسە، شۇنداقلا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئويلىنىپ، ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقى بىلەن قارشى تەرەپنى تەسىرلەندۈرەلىسە، قارشى تەرەپمۇ بۇ ئىشلارنى ئويلانماي قالمايدۇ، ھەرگىز ياخشىلىققا يامانلىق قىلمايدۇ. خۇددى «قۇرئان كەرىم»دە تەلىم بېرىلگىنىدەك: "ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق (يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ" (41 ـ سۈرە «فۇسسىلەت»، 34 ـ ئايەت). ئادەتتە بەزى كىشىلەر بىلەن گەرچە ئۇششاق ـ چۈششەك سۈركىلىش، ئۆچ ـ ئاداۋەتلەر بولسىمۇ، يەنىلا بۇنى تۈگىتىپ دوستلۇق ئورنىتىشقا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش تىنچ ـ ئىناقلىققا پايدىلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ھەتتا پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلايدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: ئۇ رەسۇلۇللاھدىن: "مەن قانداق قىلسام ئاللانىڭ غەزىپىدىن خالىي بولالايمەن؟" دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا: "سەن ئۆزۈڭنىڭ غەزىپىنى باشقىلارغا تاڭمىغىن" دەپ جاۋاب بەرگەن. ما جۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆرسەتكۈچ. ئەقلىيە سۆزلەر» دېگەن ئەسىرىدە: "ئۆزىنىڭ غەزىپىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق—ئاللانىڭ غەزىپىنى ئۆزىگە تاڭماسلىقتۇر. ئۆزىنى ئەپۇ قىلىش—باشقىلارنى ئەپۇ قىلىشتۇر. باشقىلارنى كەچۈرۈش ـ ئۆزىنى كەچۈرۈشتۇر. بۇ بىر ـ بىرىگە

ئۆزئارا تەسىرلىك بولغان ھالقىلىق ئەمەلدۇر. مەن ئالىي، باشقىلار پەس، مەن باي، باشقىلار كەمبەغەل، مەن ئېزىز باشقىلار خار، مەن كۈچلۈك, باشقىلار ئاجىز، مەن ئەقىللىق، باشقىلار دۆت, مەن يوللۇق، باشقىلار يولسىز دەپ قارىماسلىق كېرەك. سەۋر قىلىپ ئۆچ ئالماسلىق، ئاللانىڭ پېشكەللىكلەرنى ئۆزىگىمۇ كۆرسىتىپ قويۇشىدىن ئاگاھ بولۇش كېرەك. كېيىدە تۇرمىغانلارغا ئاللا ئاخىرەتنى ھازىرلىغان" دېگەن. مۇسۇلمانلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئۇمما" ئىدىيىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەر بولۇپ، ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق ئورۇندا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناب ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشى لازىم. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئوھۇد جېڭىدە مۇشرىكلار تاش ئېتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت تال چىشىنى چۈشۈرۈۋەتكەن. بۇ چاغدا ساھابىلەر قاتتىق غەزەپلىنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: "ئى، ئاللانىڭ ئەلچىسى! سەن ئاللانىڭ بۇلارغا لەنەت ياغدۇرۇشىنى ۋە ئۇلارنى جازالىشىنى تىلەپ دۇئا قىلغىن" دېگەندە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ئاللا مېنى بەندىلىرگە شەپقەت قىلىشقا ئەۋەتكەن، ئۇلارنى قاغاشقا ئەۋەتمىگەن. ئى، ئاللا! ئۇلارنى كەچۈرگىن، چۈنكى ئۇلار گۇمراھلاردۇر" دېگەن. («تەنبىھلەر» دېگەن كىتابقا قاراڭ). مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام شۇنداق ئەپۇچان، شۇنداق رەھىمدىل بولۇپ، ئۈممەتلىرىنىڭ يول باشچىسى، ئىمان ئېيتقانلارنىڭ شاھىدى، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىڭ بايرىقى، تەقۋادارلارنىڭ ئۈلگىسى، ئەمەللەرنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ باشلامچىسى ئىدى.

مەيلى ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىدا بولسۇن ياكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاقىدا بولسۇن، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىق چوقۇم تەشەببۇس قىلىنىشقا تېگىشلىك گۈزەل پەزىلەت دەپ قارىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە، پەقەت پەۋقۇلئاددە زور ۋەقە ۋە پرىنسىپال مەسىلە بولمىسىلا، كۆپچىلىك ئەپۇچان، كەڭ قورساق بولۇپ، ئۆزئارا مېھرىبانلىق يەتكۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە كۆپرەك كۆيۈنۈشى ۋە بىر ـ بىرىنى كۆپرەك چۈشىنىشى، جېدەل ـ ماجىرالاردىن ساقلىنىشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا، ئەھمىيەتسىز ئىچكى ماجىرالارنى ئازلىتىپ، تۇرمۇشىمىزغا لەززەت ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغان بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا يەنە ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ھەم كەسپىي جەھەتتىن ئۇتۇق قازىنىشىمىزغا زور پايدىسى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەت مۇقىملىقىنى ساقلاشقىمۇ پايدىلىق بولىدۇ.

ئەمما، ئەپۇچانلىق، كەڭ قورساقلىقنىڭمۇ پرىنسىپى بار. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەزەلدىن باشقىلارغا جۆملىدىن ئۆزىنىڭ ئاياللىرى ۋە ئۆز يېنىدىكى كىشىلىرىگىمۇ قول تەگكۈزمەيتتى. ئىراق ئاللا يولىدىكى ئىشلارغا بولسا باشقىچە يول تۇتاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: "ھېچكىم ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەيتتى. شۇڭا ئۇ قانداقمۇ باشقىلارغا قول تەگكۈزسۇن؟ ئەمما، كىمكى ئاللانىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئاللا ئۈچۈن جازالايتتى" («دىيانەتلىك كىشىلەرنىڭ يېتىلىشى» دېگەن كىتابنىڭ 256 ـ بېتىگە قاراڭ). ئەگەر سادىر بولغان ۋەقە ئىمان ۋە ئاللا يولى مەنپەئىتىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلمىغانلىلا بولسا، ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈۋېتىشكە بولىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللانىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ ياخشى ھەمرا ھ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلىدە بولغان كىشىلەردۇر". بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ھەمراھ ـ بىرگە خىزمەت قىلىدىغان ۋە ئىشلەيدىغان خىزمەتداش، كەسىپداش، بىرگە ئۆگىنىش قىلىدىغان ساۋاقداش، بىرگە سەپەر قىلغان سەپەرداش، ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھەمراھلىرىمىزغا مۇلايىم ـ كۆيۈمچان، ئەپۇچان ـ كەڭ قورساق بولۇپ، ئىناق، مېھرىبانلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنى يارىتىشقا تىرىشىشىمىز، مۇقىم، ئىتتىپاق، ئاسايىش ۋە شات-خۇراملىققا تولغان ساغلام كەيپىياتنى بەرپا قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشۇپ، ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىزدەيدىغان مۇسۇلمانلاردىن بولۇشىمىز لازىم.

---

(تەرجىمە قىلغۇچى: قەيسەر قۇربان؛ تەرجىمە تەھرىرى: شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىدىكى ئەمرىمەرۇپ (ياخشىلىققا باشقىلارنى ئۈندەش) ۋە نەھى - مۇنكەر (يامانلىقتىن باشقىلارنى توسۇش) توغرىسىدا

ئابدۇرەھمان ئىسمائىل

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئىسلام دىنىدا ئاللاتائالا مۇسۇلمانلارغا ئادا قىلىشنى بۇيرۇغان مۇھىم بىر ئىش-باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەش، يامانلىقتىن توسۇشتۇر.

ئاللاتائالا ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋەلىسى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن، ئاخىرىسى بىزنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كۆپلىگەن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. ئاللاتائالانىڭ ئۇلارغا يۈكلىگەن ۋەزىپىسى-ئاللاتائالانىڭ ئەمر - پەرمانلىرىنى ئىنسانلارغا يەتكۈزۈش، ئاللاتائالانىڭ بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچى ھەقىقىي ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش، قىسقىسى، ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت نىجاتلىق يولىغا يېتەكلەش، كۇپۇرلۇقتىن ئىبارەت ھالاكەت يولىغا مېڭىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

ئاللاتائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى جاھالەت تۇمانلىرى قاپلىغان ئەرەب زېمىنىدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ تاللىدى. كۇپۇرلۇق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئىماندىن قىلچە ئەسەر قالمىغان، مەككە زېمىنىدا كۇپپارلار ھاكىمىيەت بېشىدا ئولتۇرغان بۇنداق شارائىتتا، تۆپتىن ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىنسانىيەتنى ئىمان - ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەقىقىي بەخت - سائادەتكە يېتەكلەش ئانچە ئاسانغا توختىمىدى، ئەلۋەتتە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاتائالا ئاتا قىلغان كۈچلۈك ئەقىل - پاراسىتى، يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە يۈكسەك جاسارىتى بىلەن ئىنسانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش، ئۇلارغا ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇتۇش، قىسقىسى، ئۇلارنى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدىن ھىدايەتنىڭ پارلاق نۇرىغا يېتەكلەش جەريانىدا، ھارماي - تالماي تەشۋىق قىلدى ۋە ئاكتىپ ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر" (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇتقان يولىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلاردۇر). ھازىر "ئالىم - ئۆلىما" دەپ ئاتالغانلىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىش، ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئىسلام دىنى كۆرسەتمىسىگە مۇخالىپ بولۇۋاتقان بۇزۇقچىلىقلارنى ئۆزگەرتىش جەھەتتە ئويلانمىساق بولمايدۇ. بىز مەملىكىتىمىزنىڭ باشقا جايلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى شەھەر - بازارلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ جايدىكى بىرمۇنچە ئوغۇل - قىزلىرىمىزنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ. قاۋاقخانىدىن توپ - توپ مەست ھالدا دەلدەڭشىپ چىقىۋاتقان قىز - يىگىتلەر، ھەر خىل زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىپ ئۆزىنى ئۆزى زەھەرلەۋاتقانلار، كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلار تۈپەيلىدىن مۇشتلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلىۋالغان كىشىلەر ۋە ئىككى ئادەم ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇنى تاماشا قىلىپ يىغىلىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، تېخى بىر - بىرىنى قىستىشىپ، بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراپ كېتىشلىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

... مانا مۇشۇنداق بىلمىسىز بىچارىلەر ئادەمنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

جەمئىيەتتىكى يۇقىرىقىدەك ناچار قىلمىشلارنى ئۆزگەرتىشتە دىنىي زاتلارنىڭ مەسئۇلىيىتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىمام بولغۇچىلار پەقەت جامائەتنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ناماز ئوقۇپ قويۇش، قەبرىستانلىقتا چىرايلىق قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغلاردا تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇپ؛ "ئامىن" دەپ دۇئا قىلىپ بېرىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولمايدۇ. ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»، 5 ـ سۈرە «مائىدە»نىڭ 63 ـ ئايىتىدە: **"ئۇلارنىڭ زاھىتلىرى، ئەھبارلىرى نېمىشقا ئۇلارنى يالغان سۆزلەشتىن، ھارام يېيىشتىن توسۇمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!"** دەپ، يامانلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسۇمىغان ئادەمگە قاتتىق كايىغان.

ئاللاتائالا يەنە 3 ـ سۈرە «ئال ئىمران»نىڭ 110 ـ ئايىتىدە: **"(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان ئاللاغا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر"** دەپ ئالىملارنىڭلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق مۆمىن ئادەمنىڭ باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشى لازىملىقىنى بايان قىلغان.

ھازىر بىر قىسىم ئىمام ـ خاتىپلىرىمىز جۈمەلىك خۇتبىسىدا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ھەل قىلغۇدەك ئايەت ـ ھەدىسلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، دىنىي تەلىم ـ تەربىيە سۆزلىيەلمەيدۇ. خۇتبە دېگەن ئەسلى ئەرەب تىلىدا باشقىلارغا يۈزمۇ ـ يۈز قاراپ تۇرۇپ خىتاپ قىلىش، تەشۋىق قىلىش دېگەن بولىدۇ. شۇڭا ئىمام ئېگىز مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇيدۇ. ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا بىرەر ئېغىز سۆز قىلغان كىشىگە ۋە ئۇنىڭغا "پاراڭ سالماڭ" دېگەن كىشىگىمۇ قاتتىق گۇناھ بولىدۇ ۋە ئۇ كىشىگە شۇ كۈندىكى جۈمە نامىزىنىڭ ساۋابى بېرىلمەيدۇ (ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا جامائەتنىڭ باشقا ياققا قارىشىغا بولمايدۇ. ئىمامغا كۆز تىكىپ ئولتۇرۇشى شەرت). خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا كىرگەن كىشى كىرىپلا ئولتۇرۇشى، باشقا سۈننەت نامازلارنى ئوقۇماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئىمام ئېيتقان خۇتبە ۋەز ـ نەسىھەتنى كاللىسىغا مەھكەم ئورنىتىپ، مەسچىتتىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىمىسا بولمايدۇ. ئويلاپ باقايلى، خۇتبە ۋەز ياخشى قىلىنمىسا، ھەپتىدە بىر كۈن جۈمەگە يىغىلىپ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش دېگەن جۈمە نامىزىنىڭ مەقسىتى ئادا بولامدۇ، قانداق؟! شۇڭا، خۇتبە ئازراق ئەرەبچە ئوقۇلغانىنىڭ سىرتىدا، ئاساسلىقى كۆپ قىسمى ھەر مىللەتنىڭ ئۆز تىلىدا ئايەت ـ ھەدىسلەرنى تەرجىمە ـ تەپسىر قىلىپ، نەسىھەت قىلىپ ئوقۇلۇشى كېرەك.

ھازىر بىر قىسىم ئىماملار يامان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە نەسىھەت قىلىشقا جۈرئەتلىك بولالمايمىز، باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىپ قېلىپ، كىشىلەرگە يامان بولۇپ قالارمەنمىكىن، ئۇنىڭدىن كۆرە "بولمايدۇ" دېگەننى ئازراق دەپ، "بولىۋېرىدۇ" دېگەننى كۆپرەك دەپ، ھەممە كىشى ئالدىدا "ياخشى موللا" بولاي دەيدىغانلىرىمىز ئاز ئەمەس.

«مىشكاتۇل مەسابىھ» دېگەن كىتابنىڭ «ئىلىم توغرىسىدا» دېگەن بابىنىڭ 2 ـ پەسىل قىسمىدا كەئب ئىبنى مالىك دېگەن ساھابىنىڭ رەسۇلۇللادىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: **"كىمكى كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتىش نىيىتىدە ئىلىم ئوقۇغان بولسا، ئاللاتائالا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). كۆپىنچە كىشىلەردە يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا خىلاپ ھالدا باشقىلارنى ئۆزىگە قارىتىش نىيىتى بولغاچقا، ئۇلار كەسكىن تۈردە يامانلىقنى چەكلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. نەسىھەتنى چىرايلىقچە قىلمىز، ئاڭلىمىسا قاتتىقراقمۇ قىلىمىز، ئۇنداق يامان ئىش قىلىدىغان ئاندا ـ ساندا كىشىلەرنىڭ بىزنى يامان كۆرۈپ قېلىشىنىڭ كارايىتى چاغلىق. بىزنى ئاللاتائالا يامان كۆرۈپ قالمىسىلا بولىدۇ، ئەمەسمۇ!

بەزىلەر يامانلىقنى چەكلىيەلمەسلىكتە قانۇنغا زىت كېلىپ قالارمۇ؟ دەپ ھەتتا قانۇن چەكلىگەن خېلى مۇھىم نۇقتىلارنىمۇ جۈرئەتلىك سۆزلىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، باشقىلارنىڭ ھەر خىل ھەقلىرىگە چېقىلىش، دەخلى ـ تەرۇز قىلىش قاتارلىق ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن ئىشلار قانۇندىمۇ چەكلەنگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

(ئاخىرى 27-بەتتە)

# رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن 13-نۆۋەتلىك "دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلدى

ئىران «ئىسلام مەزھەبلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى»نىڭ باش كاتىپى شەيخ خۇراسانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن 2000-يىل 6-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن 13-نۆۋەتلىك "دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتناشتى، مىسىر، بەھرەين، ئومان، قاتار، سۈرىيە، لىۋان، ئىراق، يەمەن، ئىئوردانىيە، مەغرىب (ماراكەش)، سۇدان، ھىندونېزىيە، پاكىستان، بېنگال، تاجىكىستان، ئەزەربەيجان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن ئۆلىما-ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر، دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى ۋە روسىيە، جۇڭگو، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، تايلاند، ئۇكرائىنا، يۇگوسلاۋىيە قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، دىنىي داھىيلىرى قاتارلىقلار بولۇپ 40 دەك دۆلەتتىن 100 دەك ۋەكىل ھەم ئىراننىڭ ئۆزىدىن 50 نەچچە ئادەم بۇ يىغىنغا قاتناشتى.

ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى ۋە يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە ئىران "ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تاشقى مۇناسىۋەت ئىتتىپاقى"نىڭ رەئىسى شەيخ تەسخىرى ۋە "ئىسلام مەزھەبلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى"نىڭ باش كاتىپى شەيخ خۇراسانى قاتارلىق بىر قىسىم مەشھۇر ئۆلىمالارمۇ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىن: 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ، رىقابەتكە بىرلىكتە ئاتلىنىش، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، ھەرقايسى مەزھەبلەر ئىختىلاپلىرىنى تۈگىتىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئوخشىماسلىقلاردا ئۆز پىكرىدە قېلىش، يېڭى خەلقئارالىق تەرتىپ بەرپا قىلىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش، سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردە پەيدىنپەي دۇنياۋىلىشىشقا يۈزلىنىش لازىم بولىۋاتقان بىر ئەھۋالدا چاقىرىلدى. يىغىندا مۇشۇ مەركىزىي مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا سەككىز چوڭ تېما ئاساسىدا سەككىز قېتىم چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. رافسانجانى يىغىننى ئېچىش نۇتقىدا: "ئىتتىپاقلىق بولغاندىلا ھەممىنى يەڭگىلى بولىدۇ، بۇ قېتىمقى يىغىن ھەر كىم ئۆز قارىشىنى بايان قىلىدىغان، ھەر كىم بەس-بەستە سايرىشىدىغان يىغىن، گەرچە ھازىر ئىختىلاپلارنى تۈگەتكىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئىختىلاپلارنى ئازايتقىلى ھەم ئارىمىزدىكى ياكى مەزھەبلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ نۇقتىلىرىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ" دېدى.

يىغىندا سۆزگە چىققۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز سۆزىدە، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىۋاتقان توسالغۇلار، ئۇلارنى ھەل قىلىش چارىلىرى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى بايان قىلىشتى.

"مۇسۇلمان ئاز سانلىقلار ۋە مۇھاجىرلار" دېگەن چوڭ تېمىدا سۆزگە چىقىش يىغىنىدا، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا سۆزگە چىقىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى، ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆزئارا بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى، ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگودا دىنىي ئېتىقاد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى 12-نۆۋەتلىك "ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى مەجلىسى"گە قاتنىشىپ كەلدى

مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتۇر مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارالىق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىمادىدىن ۋېن جيەنلەر 2000-يىل 6-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە ئەرەب مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مەجلىس مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ غەمخورلۇقىدا چاقىرىلغان بولۇپ، بۇ يىغىنغا 54 دۆلەت ۋە 6 تەشكىلات (دۇنيا ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى، دۇنيا ئىسلام تەرغىبات ۋە قۇتقۇزۇش كېڭىشى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى، ئىسلام مائارىپ-ئىلىم-پەن-مەدەنىيەت تەشكىلاتى، ئىسلام تىبابەت تەشكىلاتى ۋە ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاقى) تىن جەمئىي 175 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 27 دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى بار. 6-ئاينىڭ 11-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قاھىرە شەھىرىنىڭ زەمالىك ئارىلىدىكى مارىيوت مېھمانخانىسىنىڭ خەلقئارالىق يىغىن زالىدا بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋەزىر مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ئالدى بىلەن مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەكنىڭ يىغىنغا يوللىغان تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مىسىرنىڭ ئەزىم ئىمامى قوشۇمچە ئەزھەر شەيخى دوكتۇر مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى، ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمىسىنىڭ باش كاتىپى دوكتۇر ئەھمەد ئىسمەت ئابدۇلمەجىد، مىسىرنىڭ ئالىي مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتۇر مۇفىد شېھەب، مىسىر دىنىي ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتۇر مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق، ئىسلام مائارىپ-پەن-تېخنىكا-مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ خوجىلىق مۇدىرى دوكتۇر ئابدۇئەزىز قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا، جەمئىي 61 نەپەر ۋەكىل ئەرەبچە، ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە تىللاردا چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى. يىغىنىنىڭ قارالمىسى "ئىسلام ئىدىيىسى ۋە دەۋر ئۆزگىرىشى"، "ئىسلام دىنى ۋە ئىلىم-پەننىڭ ئومۇملىشىشى"، "ئىسلام دىنى ۋە ئىجتىمائىيەت، ئەخلاق قىممىتى ساھەسىدىكى ئۆزگىرىشلەر"، "ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئىلىم-پەن ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، غەرب ئەللىرى ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسى ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىگە قىلىۋاتقان دەخلى تەرۇزلىرىگە بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا چاقىردى.

يىغىن داۋامىدا، ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىش ۋەزىيىتى، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى چۈشەندۈردى، شۇنداقلا، ئىران دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. (چاڭ چىڭلياڭ)

ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن مۇسۇلمانلاردا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.

6-ئاينىڭ 20-كۈنى ئىراننىڭ دىنىي داھىسى خامىنىئىي، زۇڭتۇڭى خاتەمى، سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى بىرلىكتە ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. خامىنىئىي بىلەن خاتەمى مەۋلۇت مۇناسىۋىتى بىلەن سۆز قىلىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىجاناب پەزىلىتى ۋە ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرىنى كەڭ دائىرىدە جارى قىلدۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ،

تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئارىسىدىكى ھەمكارلىق" دېگەن تۆت مەسىلىدىن ئىبارەت ئىدى. ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەن، يىغىن ئاخىرىدا يىغىن نامىدىن «خىتابنامە» ۋە «تەشەببۇسنامە» چىقىرىلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: "ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش، ياش ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرىنى كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا، ئىلمىي كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتكە ئاكتىپ ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش"، "ئىسلام دىنىنىڭ دەۋر يۈكسىلىشىگە تۈرتكە بولۇش قىممىتىگە بولغان تونۇشنى كۈچەيتىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش، ۋاقىتنى قەدىرلەش، كەسىپكە كامىل بولۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش روھىنى تەشەببۇس قىلىش"، "غەيرىي ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئۇلار بىلەن بولغان بېرىش-كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش"، "ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ۋە ئالىملىرىنىڭ ماتېرىيال ئىسكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سىرتقا ئېلان قىلىش"، "غەيرىي ئىسلام ئەللىرىنىڭ مۇسۇلمان ئالىملىرى ۋە كەشپىياتچىلىرىنىڭ ماتېرىيال ئىسكىلاتىنى قۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىنى راۋاج تاپقۇزۇش"، "ئىسلام ئەللىرى ئالىملىرىنى بىرلىكتە ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئىلمىي تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىقتىساد، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت قاتارلىق ساھەلەردە قوللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش"، "زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى ئىگىلەشكە تىرىشىپ، بۇ ئارقىلىق تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن رىقابەتلىشىش"، "ئىلمىي تەتقىقات تەكشۈرۈش ئۆمىكى ئۇيۇشتۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، ئەڭ ئىلغار كۆزقاراش ۋە تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىش، كەسپىي تارماقلارنى چەتئەل ئالىملىرىنىڭ ئەڭ ئىلغار پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا بەلگىلەش"، "ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتى ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىتتىپاقى ئارقىلىق، ئىسلام ئەللىرى يىغىندىن ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ئورگانلىرىنى قوللاش، ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇش، ئىسلام دۇنياسى ئەللىرىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىش"، "ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرى تەشكىللىي ئاپپاراتلىرى تەتقىقات قوشۇنى بەرپا قىلىش"، "ئىسلام دۇنياسى ئەللىرىنىڭ مۇھىت ئاسراش پەن-تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش"، "ھەرقايسى ئەللەر مالىيىسى خام چوتىدا ئىلمىي تەتقىقات راسخودى ئاجرىتىشتا ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش"، "زامانىۋى ئېلېكترون-ئاخبارات پەن-تېخنىكىسىغا مەبلەغ سېلىپ، ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ خاسلىقىنى سىرتقا تەشۋىق قىلىپ، ئىسلامىيەتنى قارىلاشلارغا رەددىيە بېرىش»... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى كەچتە بارلىق ۋەكىللەر خەلقئارالىق يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن مەۋلۇت نەبى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغانلىقىنىڭ خاتىرىسى) پائالىيىتىگە مۇشەررەپ بولدى، بۇ پائالىيەتكە مۇبارەك زۇڭتۇڭ ۋە مىسىرنىڭ باشقا دۆلەت رەھبەرلىرى، ۋەزىرلىرى، مۇناسىۋەتلىك ئەللەرنىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرى قاتناشتى، يىغىندا مۇبارەك زۇڭتۇڭ نۇتۇق سۆزلىدى ۋە ئىسلامىيەت مائارىپى ساھەسىدە تۆھپە قوشقان ۋە نەتىجىگە ئېرىشكەن خادىملار ۋە تالىپلارغ شەخسەن ئۆزى مۇكاپات تارقىتىپ بەردى.

يىغىن جەريانىدا ۋەزىر زەقزۇق ۋە شەيخ تەنتاۋىلار ئىككى قېتىم بارلىق ۋەكىللەرنى ھەشەمەتلىك فىرئەۋن كېمىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ، نىل دەرياسىدا سەيلە قىلدۇردى ۋە كېمىدە چۈشلۈك زىياپەت بەردى.

يىغىن جەريانىدا، شەمشىدىن ھاجى مىسىرنىڭ دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق، ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى ۋە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئىبنى سالىھ ئەل ئۇبەيدلەرنى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى.

12-چىسلا ۋەزىر زەقزۇق بىلەن كۆرۈشكەندە، شەمشىدىن ھاجى ئالدى بىلەن ۋەزىر جانابلىرىنىڭ جۇڭگو ۋەكىللىرىنى بۇ يىغىنغا تەكلىپ قىلغانلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشەككۇر ئېيتتى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن رەھبەرلىك كوللېكتىپىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ۋەزىر زەفزۇق ئۆتكەن يىل جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغان ئەھۋالىنى خوشاللىق بىلەن ئەسلەپ ئۆتتى ۋە جۇڭگونىڭ دىنىي سىياسىتىگە يۇقىرى باھا بەردى.

شەمشىدىن ھاجى 13-چىسلا باش كاتىپ دوكتور ئۇبەيدىنى زىيارەت قىلغان چاغدا، كۆپ يىللاردىن بېرى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج تاۋاپ ئۆمىكىنى قىزغىن كۈتىۋالغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى ۋە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى ھەمدە باش كاتىپ جانابلىرىنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، دوكتور ئۇبەيد ئۆزىنىڭ جۇڭگو زىيارىتىنى تېز ئارىدا ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شەمشىدىن ھاجى 14-چىسلا ئەزھەر شەيخى ئىشخانىسىدا دوكتور شەيخ تەنتاۋىنى ۋە ئۇنىڭ ۋەكىلى فەۋزى فەدىل زەفزافىنى زىيارەت قىلدى. شەمشىدىن ھاجى ئالدى بىلەن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەر يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ھەقسىز ئوقۇتىدىغان جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلار سانى بىرىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە مەكتەپتە جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرىغا ياخشى غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتتى ھەمدە جۇڭگو ئىسلام مائارىپى ۋە جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇلار بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

شەمشىدىن ھاجى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان 200 دىن ئارتۇق جۇڭگولۇق مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى، ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى مائارىپقا مەسئۇل خادىمدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشتى، ئاندىن جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى، ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلار ياتقان ئورۇنغا بېرىپ، ئىككى تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار (بىر تۈركۈمى ئىچكىرى بارغان خۇيزۇ، سالار ئوقۇغۇچىلار، بىر تۈركۈمى شىنجاڭدىن بارغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار) بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولدى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئەزھەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىكەن، ھەر يىلى ھېيت-بايراملاردا ئوقۇغۇچىلارنى ئەلچىخانىغا يىغىپ پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ بېرىدىكەن؛ ئەلچىخانا ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئاڭلاش كۈنى قىلىپ بېكىتىپتۇ؛ مەخسۇس راسخود ئاجرىتىپ ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولغان ئوقۇغۇچىلارنى ۋە جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىدىن ياخشى باشلامچى بولغان ئۇيۇشما كادىرلىرىنى مۇكاپاتلايدىكەن؛ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئۈچ تۈرلۈك ئۇيغۇرچە ژۇرنالغا يېزىلىپ بېرىپتۇ، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئىككى قارار خەنزۇ تىل سىنىپى ئېچىپ بېرىپتۇ، بۇ يىل تېخىمۇ مۇنتىزىملاق خەنزۇ تىل سىنىپى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس راسخود ئاجرىتىپ تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ؛ خۇيزۇ، ئۇيغۇرلاردىن تەركىب تاپقان ئۇيۇشما كادىرلىرى ھەر جەھەتتىن كۆۋرۈكلۈك رول ئويناۋېتىپتۇ. شەمشىدىن ھاجى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىق ۋە پىكىر-تەلەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلماقچى بولدى ۋە مىسىردا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئەن خۇيخۇ، مائارىپ ئىشلىرى مەسئۇلى ۋاڭ فەن قاتارلىقلار بىلەن كەڭ كۆشادە پىكىر ئالماشتۇردى.

شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار يەنە ئەلئەھرام قەلئەسى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەزھەر جامە مەسچىتى، ھۈسەيىن مەسچىتى، مىسىر مۇزېيى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئوتتۇرا شەرق ئاگېنتلىقى، لوندون مۇسۇلمانلار ساداسى رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى. مىسىردىكى پائالىيىتىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن قايتىشىدا تايلاندتا ئىككى كۈن زىيارەتتە بولدى.

(ھاجى مەھمۇدى)

# مەسلىھەتچى نوئمان ماشيەن "يىراق شەرق ئىسلام دۇنياسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتنىشىپ كەلدى

ياپونىيە ئىسلام مەركىزىنىڭ رەئىسى دوكتۇر سالىھ ساماراﺋىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى نوئمان ماشيەن توكيوغا بېرىپ، دۇنيا ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى بىلەن ياپونىيە ئىسلام مەركىزىنىڭ بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن 5-ئاينىڭ 29-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە توكيودا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى يېراق شەرق ۋە ئىسلام دىنى: ياپونىيىنىڭ ئىسلام بىلەن مۇناسىۋىتى» دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

1997-يىلى ئىراننىڭ تېھران شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام دۇنياسى 8-نۆۋەتلىك دۆلەت باشلىقلىرى يىغىنى ۋە 1999-يىلى يۇقىرى ۋولتانىڭ پايتەختى ۋاگادۇگۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 26-نۆۋەتلىك ئىسلام ئەللىرى دىپلوماتىيە ۋەزىرلىرى يىغىنى "ئىسلامىيەت پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، دىنىي تەرغىبات خىزمىتىنى يۈكسەلدۈرۈش"، "ئىسلام تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل مەدەنىيلىكنىڭ تىنچ بىللە تۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش" توغرىسىدا قارار ماقۇللىغانىدى، يىغىندىن كېيىن ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ كاتىباتى بۇ قارارنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن نەچچە رەت ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى. ياپونىيە ئىسلام مەركىزىنىڭ رەئىسى سالىھ ساماراﺋى (سەئۇدى ئەرەبىستانلىق) نىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، ئىسلام تەرەققىيات بانكىسى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى، دۇنيا مۇسۇلمان ياشلار ئۇيۇشمىسى ۋە كۇۋەيت خەيرىيەت جەمئىيىتى قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن بۇ قېتىمقى يېغىن ئۆتكۈزۈلگەن. يىغىنىنىڭ مەقسىدى: ياپونىيىنىڭ ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولىۋاتقان ياخشى مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەرغىب قىلىش، تېخىمۇ كۆپ ياپونلۇقلارنى ئىسلام دىنىنى چۈشىنىدىغان قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ياپونىيىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ياپونىيىلىك ئالىملار ۋە تەتقىقاتچىلاردىن باشقا، سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، سۇدان، لىۋىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىنىڭ ۋەكىللىرى، پاكىستان، ھىندىستان، بېنگال، سىنگاپور، مالايسىيە، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن، جەنۇبىي ئافرىقا، مۇڭغۇلىيە، روسىيە (داغىستان جۇمھۇرىيىتى)، جۇڭگو قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئالىم ۋە پروفېسسورلىرى قاتناشتى. ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئىززەددىن لەراقى، سەئۇدى ئەرەبىستانى ئىسلامىيەت ۋە دىنىي دەۋەت ۋەزىرى سالىھ ئىبنى ئابدۇل ئەزىز، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇللا ئىبنى سالىھ ئەل ئۇبەيد، ھىندونېزىيە ئىلمىي تەتقىقات ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى زۇھال، دۇنيا مۇسۇلمانلار كېڭىشىنىڭ باش كاتىپى (پاكىستاننىڭ دىنىي ئىشلار ۋەزىرى) راجا زەفەرۇل ھەق، مالايسىيە خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى دوكتۇر م. ك. ھەسەن قاتارلىقلارنىڭ يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقى يىغىن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. يىغىندا مەسلىھەتچى نوئمان ماشيەنمۇ غەيرىي ئىسلام ئەللىرى ۋەكىلى سۈپىتىدە سۆزگە چىقىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى ئەھۋالى ۋە جۇڭگو-ياپونىيىنىڭ خوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىندا "ياپونىيە-ئىسلام مۇناسىۋىتى تارىخى"، "ئەخلاق-پەزىلەت ۋە جەمئىيەت"، "ئاخبارات ۋە دۇنياۋىلىشىشنىڭ ياپونىيە-ئىسلام مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىشكە تەسىرى"، "ئىسلام مەدەنىيلىكى ۋە يېراق شەرق"، "ياپونىيە بىلەن ئىسلام ئەللىرى ئارىسىدىكى ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى"، "ئىسلام دىنى ۋە خانىم-قىزلار"، "ياپونىيە بىلەن ئىسلام دۇنياسى مۇناسىۋىتىگە بىر نەزەر" دېگەندەك سەككىز تەرەپتىن 27 پارچە ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ ئۆتىلدى. يىغىندىكى نۇتۇق ۋە ماقالىلاردا ئىككى نۇقتا ئالاھىدە تەكىتلەندى: بىرىنچىدىن، ئىسلام دۇنياسىنىڭ ياپونىيە بىلەن بولغان دىنىي مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى بايان قىلىنىپ، بۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزئارا پايدىلىنىپ ئەتەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە

ئىككەنلىكى تەكىتلەندى. خۇددى دۇنيا ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپى ئىززەددىن لەراقى ئېيتقاندەك: ”دۇنيا سانائەت ئەللىرى ئىچىدە، ياپونىيە ئۆزىنىڭ ئۈستۈن تېخنىكىسى بىلەن ئالدىنقى ئورۇندا تۇرماقتا. ئۇنىڭ خەلقى بىلىم سۆيۈش، ئىلىم-پەن سۆيۈش، ئىختىرا-كەشپىيات سۆيۈش، ئەمگەكچان ۋە چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيەت، ھەر خىل دىنلارنىڭ ئۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاج تېپىشىنى كۆڭۈلگە سىغدۇرالايدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار بۇ يەردە دىنىي پائالىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشتە تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماي، ئۆزلىرى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك سىياسىي ۋە ھەق تەلەپ ھوقۇقىدىنمۇ بەھرىمەن بولۇۋاتىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىۋاتىدۇ ھەمدە بۇ يەردە ئىسلام دىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ بۇرچىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى نامايان قىلالىدى“. ئىككىنچىدىن، تىرىشىپ دۇنيادىكى كىشىلەرگە مۇنۇلارنى بىلدۈرۈش تەكىتلەندى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇرچى دۇنياۋى خاراكتېرلىك. ئىسلام دىنى تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئوخشاش بولمىغان ئىرق، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان دىن ۋە ئوخشاش بولمىغان مەدەنىيلىكنىڭ بىللە تۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنيادىكى ھەر قايسى قىتئەلەرگىچە تارقالمىغان بولاتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1 مىليارد 300 مىليوندىن ئاشمىغان بولاتتى، ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، ئۇ ”بىر تەرەپلىمە دىن، چەكتىن ئاشىدىغان دىن، ئىسلام دىنى زوراۋانلىق ۋە تېرورلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ“ دېگەنگە ئوخشاش ئادالەتسىز قاراشلارغا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق رەددىيە بېرىشى كېرەك. ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتى مۇسۇلمانلارنى ھەر خىل مەدەنىيلىك ئارىسىدىكى تىنچلىق سۆھبەتلىرىگە ئېتىبار بىلەن قاراش، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2001-يىلنى ”ھەر خىل مەدەنىيلىك سۆھبەت يىلى“ قىلىپ بېكىتكەنلىكىنى قوللاشقا چاقىردۇ.

يىغىن داۋامىدا نوئمان ماشيەن توكيو مەسچىتىنىڭ قايتا ياسىلىپ پۈتكەنلىكى مۇراسىمى ۋە ياپونىيە ئىسلام مائارىپى مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەمدە ياپونىيىدىكى ئەڭ بالدۇرقى ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، ياپونىيىلىك ۋە چەت ئەللىك ۋەكىللەر بىلەن ئۇچراشتى. (ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى)

## ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

مەملىكىتىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى سەئىد مۇھەممەد خاتەمى جانابلىرى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭدىكى دياۋيۈيتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: ئەلى لىيۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار بىلەن سەممىي كۆرۈشتى. ئىراننىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرى كەمال خەرازى، ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى مەلەئىك قاتارلىقلار كۆرۈشۈشتە بىللە بولدى. ئىككى تەرەپ قىزغىن، دوستانە سۆھبەتلەشتى.

رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇن ئالدى بىلەن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن، خاتەمى زۇڭتۇڭنىڭ مەملىكىتىمىزنى رەسمىي زىيارەت قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە جۇڭگو-ئىران ئىككى دۆلەت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاج تېپىشىنى تىلىدى ھەمدە ئىرانلىق مېھمانلارغا مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

خاتەمى زۇڭتۇڭ ئۆز سۆزىدە جۇڭگو-ئىران ئىككى دۆلەت خەلقى، بولۇپمۇ ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇققا يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ يەنە مۇنداق دېدى:

”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ‹ئىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ تەھسىل قىلىڭلار› دەپ تەلىم بەرگەنىدى، بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ پەننىي بىلىملەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى، كىشىلەرنى كىمدىن ئۆگىنىش، قەيەردە ئۆگىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ۋە ئىزدىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ“. ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، بىلىم ئىگەللەپ، ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتكە ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشقا چاقىردى. خاتەمى زۇڭتۇڭ ئۆز سۆزىدە يەنە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى ۋە تىرىشچانلىقىنى مەدھىيىلىدى.

كۆرۈشۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، خاتەمى زۇڭتۇڭ قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى ۋە قىزغىن خوشلاشتى. (مۇستەفا)

## ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى زىيارەت قىلدى

ھۆكۈمىتىمىزنىڭ تەكلىپى بىلەن دۆلىتىمىزدە رەسمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان ئىران زۇڭتۇڭى سەئىد مۇھەممەد خاتەمى 2000-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى كەچ سائەت 10دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەمتىمىن زاكىر قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى زىيارەت قىلدى. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئۇستاز-تالىپلىرى ۋە بۇيىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان سىنىپتىن ئىمتىھان ئېلىۋاتقان ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم داڭلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى خاتەمى زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى ئىسلام دارىلفۇنۇندىكى بارلىق ئۇستاز-تالىپلار نامىدىن خاتەمى زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ مەكتەپنى زىيارەت قىلغىلى كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە مېھمانلارغا ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. خاتەمى زۇڭتۇڭ ناھايىتى قىزغىن سۆز قىلىپ، ئىران-جۇڭگو ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى مەدھىيىلىدى. مەكتەپ مۇدىرى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى خاتەمى زۇڭتۇڭغا ئۆزى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا ئىسلام دىنىغا دائىر تەرجىمە ئەسەرلىرىنى سوۋغات قىلدى. ئاخىرىدا خاتەمى زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەكتەپ مەسچىتىدە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇدى. (سۇ شىڭجى)

## سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرەھمان سۇدەيس جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى

2000-يىل 7-ئاينىڭ 4-كۈنى چۈشتە سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇرەھمان سۇدەيس قاتارلىق مېھمانلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاقىتلىق ۋەكىلى ئادنان ئەپەندىنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ نيۇجې مەسچىتىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. جەمئىيەت رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۋاڭيۈەن ئالدى بىلەن ئىمام ئابدۇرەھمان سۇدەيس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ھەرەم مەسچىتى ئىمامىنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتى گەرچە غەيرىي رەسمىي زىيارەت بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئىككى تەرەپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ دوستانە ئالاقە ۋە مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسىلىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن پۇرسەت تېپىلغاندا، سىزنىڭ جۇڭگودا رەسمىي زىيارەتتە بولۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن“. ئۇ يەنە مېھمانلارغا جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئىمام ئابدۇرەھمان سۇدەيس بۇ قېتىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشەلىگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىنى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەرەپ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدىكى دوستانە بېرىش-كېلىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

كۆرۈشۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن ساھىپخان بىلەن مېھمانلار ئۆزئارا سوۋغات ئالماشتۇرۇشتى ۋە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، ھەمدە نيۇجې مەسچىتىدە بىرلىكتە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى 2000-يىل 5-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جىڭگۈي، مۇئاۋىن رەئىسلىرى مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زۇڭشەن، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن مۇستاپا ياڭ جىبۇ، بارات رەجەپ قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مۇئاۋىن رەئىس مۇھەممەد سەئىد مايۈنفۇ مەملىكىتىمىز ئىسلام دىنى ئەھۋالىنى ھەم جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق رەھبەرلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئىنشائاللا، مەملىكىتىمىزنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىسلامىيەت ئىشلىرىنىڭ بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدى ھەمدە دىنىي زاتلارنىڭ ئېكسكۇرسىيە داۋامىدا ئىچكى ئۆلكىلەرنى ياخشى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ھەم ئۆگىنىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن كەڭ ئېتىقادچى ئاما ئارىسىدا ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى. ئاندىن، ئۆمەك باشلىقى ھاپىز نىياز ئۆمەك ئەزالىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ غەربىي رايوننى ئېچىش دولقۇنى ئىچىدە ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولىۋاتقانلىقى، شىنجاڭدا دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە شىنجاڭدىكى دىنىي زاتلار قوشۇنىنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى رولى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئۆمەك ئەزالىرى سۆھبەتتىن كېيىن جەمئىيەتنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى، ئاخىرىدا ئىسلام جەمئىيىتى ئۆمەك ئەزالىرىغا «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى ۋە «پامىر رېستۇرانى»دا ئۆمەك ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى. زىياپەتتىن كېيىن ئۆمەكتىكى مۇسۇلمان دىنىي زاتلار مەملىكەت بويىچە مەشھۇر قەدىمىي نيۇجيې مەسچىتىگە بېرىپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى. (بارات رەجەپ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىلدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 2000-يىل 4-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، باش كاتىپلىرى بىرلەشمە يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ۋە ئوتتۇرلۇق 10 ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى بولۇپ جەمئىي 50 نەچچە كىشى قاتناشتى.

يىغىن قاتناشچىلىرى ئوتتۇرلۇق قىلىپ مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 7-قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھى، "ئۈلگىلىك مەسچىت" باھالاش قارارى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1999-يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى ۋە 2000-يىللىق خىزمەت پىلانىنى شۇنداقلا ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈم باشلىقلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارە باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ھەمدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۇرۇپ ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى. يىغىندا ئوتتۇرلۇق 10 ۋىلايەت "ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش" جەھەتتە تەجرىبە ئالماشتۇردى.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك "ئۈلگىلىك مەسچىت"لەرگە لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تۈزگەن «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»نى تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئىسمايىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىدىن نۆۋەتتە دۆلەتنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىنى قوللاپ، ئۆزىنىڭ "كۆۋرۈكلۈك" رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي،

ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇشىنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رىشىت نىياز "ھەر دەرىجىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇش" توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى ئاچتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 2000-يىل 5-ئاينىڭ 18-كۈنى قەشقەر شەھىرىدە چاقىرىلدى.

يىغىنغا ۋىلايىتىمىزنىڭ 12 ناھىيە (شەھەر) دىكى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم نۇقتىلىق جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ خاتىپلىرى بولۇپ 65 نەپەر كىشى ئىشتىراك قىلدى، يىغىنغا يەنە ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرىم، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئۆمەرجان مۇھەممەد قاتارلىقلار قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى، يىغىن ئىشتىراكچىلىرى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېقىنقى بىر مەزگىللىك خىزمەت دوكلاتىنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى چاقىرغان رەئىس، باش كاتىپلار يىغىنىنىڭ روھىنى ھەمدە ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجى يەتكۈزگەن مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 7-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى ۋە رەئىس لى رۈيخۇەنىڭ مەملىكەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار باشلىقلىرىنى كۈتۈۋالغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى. ئاخىرىدا روزى كېرىم غەربىي رايوننى ئېچىش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايىتىمىزدىن مەملىكەت بويىچە ئۈلگىلىك 4 مەسچىتكە لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتى 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىردى

2000-يىل 5-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ئاتۇش شەھىرىدە ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 2-سانلىق دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا 28 نەپەر كىشى قاتناشتى.

ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى جەرۇللا قارى ھاجىم ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئوبلاستلىق مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلىز ھاجىم ئاپتونوم رايوندا چاقىرىلغان مىللەت-دىن ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسى ئابلا ئابدۇۋەلى ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە 1999-يىللىق ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىن خۇلاسە چىقاردى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2000-يىللىق خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاخىرىدا، مەملىكەت بويىچە 100 «بەشتە ياخشى» مەسچىتنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان ئاتۇش شەھىرىنىڭ مەركىزى جامەسىگە مۇكاپات بويۇمى تارقىتىپ بېرىلدى، شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن 1468 نۇسخا «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»نى ئۈچ ناھىيە بىر شەھەردىكى مەسچىتلەرگە تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

(غالىپجان مۇھەممەد)

## يەكەن ناھىيىسىنىڭ ھەرقايسى يېزا-بازارلىرىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى

يەكەن ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە دائىرىسى كەڭ، نوپۇسى كۆپ، ئاھالىلار شالاڭ، تارقاق ئولتۇراقلاشقان، مىللەتلەر كۆپرەك، دىنىي خىزمەتلەر بىرقەدەر ئېغىر كۆپ ناھىيە بولۇپ، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى كەسپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا يېتىشىپ بولالماي بەزى خىزمەتلەر بېسىلىپ قالغانىدى.

ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈم، مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىلىرىنىڭ يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن، بۇ يىل 2-ئايدىن 5-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ناھىيىگە قاراشلىق 29 يېزا-بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈپ، دېموكراتىك سايلام ئاساسىدا شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرى قۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا-بازارلاردىمۇ بىر بوشلۇق تولدۇرۇلۇپ، يېزا-بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇقىم ئىشخانا، ۋىۋىسكىسى، مۆھۈرلىرى، ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى، كەسپىي خادىملىرى بار بولدى.

بۇ جەمئىيەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش مۇراسىمىغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرى، باش كاتىپى نۆۋەت بىلەن بېرىپ قاتناشتى ۋە تەبرىك خېتى ئوقۇپ تەبرىكلىدى. يىغىندا، شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، ئۇلارنىڭ خىزمەت دائىرىسى، ۋەزىپىسى، رەئىس، باش كاتىپلارنىڭ ھوقۇق دائىرىسى، مەسئۇلىيىتى ئېنىق بېكىتىلدى. ھەرقايسى جەمئىيەتلەردە بىر رەئىس، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن رەئىس، بىر باش كاتىپ، بەشتىن يەتتىگىچە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. (ئابلا تۇرسۇن)

# چېرا ناھىيىلىك 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىردى

چىرا ناھىيىلىك 2-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-سانلىق ھەيئەت ئەزالىرى يىغىنى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىن زالىدا داغدۇغىلىق چاقىرىلدى.

يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى سەككىز يېزا-بازاردىن كەلگەن 42 نەپەر ئەزا قاتناشتى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئاۋۇت قارى ئاخۇنۇم، مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇللا قارى ھاجىم مەملىكەتلىك 7-قېتىملىق ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى مۇھەممەد رېھىم جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئالدىنقى بىر يېرىم يىللىق خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: "ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى ئېتىقادچىلار ئارىسىدا، نامراتلارغا ياردەم بېرىش، دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش، ئاما ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىپ ئىتتىپاقلىقنى چىقىش قىلىش جەھەتتە باشلامچى بولدى. ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ قوللاپ ياردەم بېرىشى بىلەن دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ دىنىي ساھەدىكى ئۇزۇكچىلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئىلغارلارغا ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن ناھىيە بويىچە 42 نەپەر دىنىي زات، 30 مەسچىتنى «بەشتە ياخشى» باھالاپ تەقدىرلىدى. 9 نەپەر ياشنى تاللاپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىسلام دىنىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇتتى".

يىغىندا، مەسچىتلەردە سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنلىرى كەڭ كۆلەمدە مۇھاكىمە قىلىنىپ چۈشەنچە چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

يىغىن مەرھۇم مۇئاۋىن رەئىس ئابدىغوپۇر قارى ھاجىمنىڭ ئاخىرەتلىكىگە ئاتاپ ئاۋۇت قارى ئاخۇنۇمنىڭ قىرائەت قىلىشى، مۇھەممەت سەيدى داموللا ھاجىمنىڭ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى. (مۇھەممەد رېھىم)

## قىسقا خەۋەر

ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 60%نى ئازسانلىق مىللەت ئاھالىسى ئىگىلەيدىغان بىكتوۋەن يېزا ئىگىلىك 3-دۈيزىيە 50-تۇەن رەھبەرلىكى يېقىندا «بەشتە ياخشى» دىنىي پائالىيەت سورۇنى، «بەشتە ياخشى» دىنىي زاتلارنى ماددىي بويىچە بىلەن مۇكاپاتلىدى. (رەيھانگۈل تۇراق، مۇكەررەم قۇربان)

## جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ يېڭىدىن تەڭشەلگەن رەھبەرلىكى ئېلان قىلىندى

دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى يېقىندا جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ يېڭىدىن تەڭشەلگەن رەھبەرلىكىنى بېكىتىپ ئېلان قىلدى: 2000-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن باشلاپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن قوشۇمچە مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە، مۇئاۋىن رەئىس شەمشىدىن ھاجى، مەسلىھەتچى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپ مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈيلار قوشۇمچە مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن دارىلفۇنۇن خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا، خالىد ياڭ زۇڭشەن مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى.

(ھاجى مەھمۇدى)

## جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تولۇق كۇرس سىنىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ ئارىلىقتا ئۈزۈلۈپ قالغان تولۇق كۇرس سىنىپى 1996-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى. بۇ يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قارارلىق سىنىپنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى شۆەي فىڭ، ئىسلام باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاۋ جيەنجېڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى ليۇ شۇشياڭ، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى ھاجى ئىلياس شېن شياشى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، بارات رەجەپ قاتارلىقلار ۋە ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ بارلىق ئۇستاز-تالىپلىرى قاتناشتى. بۇ سىنىپقا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەسچىت-مەدرىسەلەردە ئىككى يىلدىن دىنىي بىلىم ۋە ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن 25 ياشتىن تۆۋەن ياشلار قوبۇل قىلىنغانىدى. ئوقۇش جەريانىدا، ئۇلارغا ئەسلىدىكى دەرس پروگراممىسى بويىچە بەلگىلەنگەن دىنىي دەرس، ئەرەب تىلى، مەدەنىيەت دەرسى، سىياسىي قانۇن دەرسلىرىدىن سىرت، ئۇلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئۈچۈن مەخسۇس تېمىلار بويىچە نۇرغۇن لېكسىيەلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامانىۋىي جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كومپيۇتېر، ئېنگلىز تىلى دەرسلىرى ئۆتۈلدى.

مۇراسىمدا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەھكىمە باشلىقى شۆەي فىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن تەڭشەلگەن رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. مۇراسىمدا خالىد ياڭ زۇڭشەن ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلارنىڭ تۆت يىللىق ئوقۇش ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. رەئىس قوشۇمچە دارىلفۇنۇن مۇدىرى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن نۇتۇق سۆزلەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ 50-يىللاردا بۇ دارىلفۇنۇنىنىڭ تۇنجى قارارلىق تولۇق كۇرس تالىپى بولۇپ ئوقۇغان ھاياتىنى ئەسلەپ ئۆتتى ۋە ئۆزىنىڭ 40 نەچچە يىل ئىمام بولۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، تالىپلارغا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەھكىمە باشلىقى شۆەي فىڭ سۆز قىلىپ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلاردىن كۈتىدىغان ئۈمىد-تەلەپلەرنى قويدى.

مۇراسىمدا ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان تالىپلار جانلىق ۋە مەزمۇنلۇق شەكىللەردە ئۆزلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئۆزلىرىنىڭ تۆت يىللىق ھاياتى، بۇنىڭدىن كېيىنكى غايىسى قاتارلىقلارنى دوكلاد قىلدى: ئەرەبچە سۆزلىشىش، ئېنگلىزچە سۆزلىشىش، ئەرەبچە-خەنزۇچە دىنىي ھۆسنىخەت يېزىش، ئەرەبچە مەدھىيە-قەسىدە ئوقۇش، قىرائەت قىلىش... قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئىلگىرىكى مۇراسىملارغا قارىغاندا يېڭى تۈسكە ئىگە قىلدى. ئاخىرىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرگەن تالىپلارنىڭ بىر قىسمى مىسىردىكى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ۋە پاكىستاندىكى ئىسلام ئاباد خەلقئارالىق ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىغا بېرىپ داۋاملىق بىلىم ئالىدۇ؛ بىر قىسمى ئىچكىرىدىكى نۇقتىلىق

www.uyghurkitap.com

شەھەرلەردىكى مەسچىتلەرگە بېرىپ ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ؛ بىر قىسمى ھەرقايسى ئىسلام مەكتەپ-دارىلفۇنو مۇددەرىسلىك قىلىدۇ؛ ئاز بىر قىسمى ئۆز ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلىرىغا بېرىپ ئىمامەتچىلىك قىلىدۇ.

(ھاجى مەھمۇدى)

## قەشقەر ۋىلايىتىدە ۋەز-تەبلىغچىلەر كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمى بىلەن 2000-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە ۋەز-تەبلىغچىلەر كۇرسى ئاچتى.

كۇرسقا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم ناھىيە بازىرىدىكى نوقتىلىق جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ خاتىپلىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنى مەكتەپنىڭ ئۇستاز ۋە تالىپلىرى بولۇپ 180 نەپەر كىشى قاتناشتى.

كۇرسنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا مەشھۇر ئۆلىمالاردىن ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم، سادىق قارى ھاجىملار ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مول تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ۋەز-تەبلىغ قىلىشنىڭ ئۇسۇلى، ئەھمىيىتى، ۋەز-تەبلىغ قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ھەمدە ۋەز-تەبلىغ قىلىشتىكى ۋاقىت كۆز قارىشى قاتارلىق مەزمۇنلاردا مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە ئۆزلىرى باشلامچى بولۇپ بۇ قېتىم ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تۈزۈپ چىققان «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى»دىكى سۈرە فاتىھە، سۈرە ئىخلاس ۋە ناماز، روزا، ھەج توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى تەبلىغ قىلىپ بەردى. ئاندىن يەنە 12 نەپەر دىنىي زات شۇ كىتابتىكى 25 مەزمۇننى ئاممباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلدى.

بۇ قېتىمقى كۇرس ئارقىلىق كۇرسانتلار بىر قېتىملىق مول دىنىي بىلىم ۋە ۋەز-تەبلىغ بىلىملىرىگە ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئۇلار: بۇ قېتىمقى كۇرس ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، «ۋەز-نەسىھەتتە پايدىلىنىش ماتېرىيالى» ناھايىتى ياخشى تۈزۈلۈپتۇ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسى ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭدىن كېيىن بىز چوقۇم ۋەز-تەبلىغ قىلىشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز، دېيىشتى.

ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى روزى كېرەم كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى، ھەمدە كۇرسانتلاردىن ۋەز-تەبلىغ قىلىش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ۋەز-تەبلىغنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

(ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## ئىلى ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى ئوقۇتۇش نۇقتىسىدا 3-قارارلىق ۋەزىپىدىكى ئىماملار كۇرسى ئېچىلدى

مەركەزنىڭ غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاكتىپ ماسلىشىش ئۈچۈن، ئىلى ۋىلايىتىدە بۇ يىل 3-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە 3-قارارلىق ئىماملار كۇرسى ئېچىلدى. كۇرسقا پۈتۈن ۋىلايەتتىكى 8 ناھىيە، بىر شەھەردىن 94 نەپەر ۋەزىپىدىكى ئىماملار قاتناشتى. تىل ئايرىملىقىغا قاراپ كۇرسانتلار ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلى بويىچە ئىككى سىنىپقا ئايرىلدى. بۇ قېتىملىق كۇرسقا قاتناشقۇچىلار ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، دۇڭشياڭ، ئۆزبەك، سالار بولۇپ 6 مىللەتتىن تەركىپ تاپتى. ئوقۇتۇشتا، 70% دىنىي بىلىم دەرسى، 30% سىياسەت، قانۇن-تۈزۈم، ئەخلاق-پەزىلەت ۋە تىل گرامماتىكىسى دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ھەر بىر سىنىپقا ئىككىدىن ئۈچكە قەدەر مۇددەرىس سەپلەندى.

پىشقەدەم مۆتىۋەر زات يۈسۈپ قارىم ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا قارىماي، ئۆز دەرسىنى تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ ياخشى ئۆتۈش بىلەن بىللە يەنە كۇرسانتلارغا ئىسلام تارىخىدىن قوشۇمچە سىستېمىلىق بىلىم بەردى. تالانتلىق ياش ئاخۇنۇم—ئىلياس ئەرەپ تىلى دەرسىنى زامانىۋى ئۇسۇلدا ئۆتۈپ، كۇرسانتلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. ئۆتۈلگەن دىنىي دەرس مەزمۇنلىرى: ئىبادەت ئىسلامىيە، ئاقايىت زورورىيە، مىشكات، لۇئلۇ مەرجان، تەفسىر جالالەين، قازىي بەيزاۋى، قىرائەت، ئەرەپ تىلى بولۇپ، كۇرسانتلارنىڭ لاياقەتلىك بولۇشى يۈز پىرسەنتكە يەتتى. دەرس ئارىلىقىدا يەنە نىكاھ خۇتبىسى، جۈمە خۇتبىسى، ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى، مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش قائىدىسى ۋە مېيىتنى يۇيۇش قائىدىسى قاتارلىق بىلىملەر ئۆگىتىلدى.

كۇرس ئارىلىقىدا ئاپتونوم رايونلۇق بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھاپىز نىياز ئىلىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتۇش نۇقتىمىزغا كېلىپ، دىنىي ۋەزىيەت ۋە دىنىي سىياسەت ھەققىدە مۇھىم دوكلات بەردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى قانۇن-تۈزۈم توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ بەردى. كۇرس ئاخىرىدا ھەر جەھەتتىن ئۈلگىلىك بولغان 4 نەپەر مۇددەرىس ۋە 8 نەپەر كۇرسانت مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى. (ئۆمەر مافالىڭ)

## يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 13-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتى

يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 13-قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياشلىق دىنىي زاتلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى 1999-يىل 11-ئاينىڭ 1-كۈنى كونا شەھەر جامە مەسچىتىدە ئوقۇش باشلاپ، 2000-يىلى 5-ئاينىڭ 25-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

مۇراسىمغا كۇرسانت-ئۇستازلاردىن باشقا ناھىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، يەكەن بازىرى تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى، ھەرقايسى يېزا-بازارلىق شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، باش كاتىپى، ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ خادىملىرى، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىدارە-ئورگانلاردىن بۇ قېتىمقى كۇرسقا تەكلىپ بىلەن دەرس ئۆتكەن كادىرلار، يەكەن بازىرى تەۋەسىدىكى سودا-سانائەتچىلەر ۋە مەرىپەتپەرۋەر زاتلار ۋەكىللىرى، كۇرسقا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەرگەن شەخسلەر بولۇپ جەمئىي 300 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەخمۇت ئەخمەت رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئالدى بىلەن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى ئابدۇغېنى ئىگەمبەردى سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش كۇرسىنىڭ نەتىجىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. ئاندىن ناھىيىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، نۆۋەتتىكى سىياسىي-دىنىي ۋەزىيەت، نۆۋەتتىكى مىللىي-دىنىي سىياسەتلەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، دىنىي زاتلاردىن، كۇرسانتلاردىن كۈتىدىغان تەلەپ، ئۈمىد ۋە بۇندىن كېيىن ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر ئۈستىدە تەپسىلىي سۆز قىلدى. ئارقىدىن ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، كونا شەھەر جامە مەسچىتىنىڭ ئىمام-خاتىپى، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ باش مۇددەرىسى ئابدۇسەمەت داموللا ھاجىم كۇرسنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، ئوقۇتۇش پىلانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، تەشكىلىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي، تۇرمۇش ئەھۋالى قاتارلىقلارنى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە كۇرسنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈپ ياخشى نەتىجە قازىنىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەرگەن ناھىيە رەھبەرلىرىگە، كۇرسنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ كېلىۋاتقان دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا رەھمەت ئېيتتى.

يەتتە ئايلىق بۇ قېتىمقى كۇرسقا ناھىيىگە قاراشلىق 29 يېزا-بازاردىن مۇقىم ئىمامى يوق، ئىمامى ۋاپات بولۇپ ئورنى بوش قالغان، ئىمامى ياشىنىپ قالغان ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتقان مەسچىتلەرنى ئاساس قىلىپ، ئېتىقادچى ئامما ۋە كەنت كومىتېتى كۆرسەتكەن ئارىلىق 20 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان 100 تالىپ قوبۇل قىلىنغان، كۇرسانتلارغا 70% دىنىي دەرس، 30% قانۇن-سىياسەت، پەن-تېخنىكا دەرسى ئۆتۈلدى. دىنىي دەرسنى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئۆتتى. قانۇن-سىياسەت، پەن-تېخنىكا دەرسىنى ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىدارە-ئورگانلارنىڭ مەسئۇللىرى تەكلىپ بىلەن ئۆتتى.

تالىپلار دىنى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئاساس قىلىپ تۆت سىنىپقا ئايرىلدى. دىنى دەرسلەردىن قۇرئان كەرىمنىڭ 30-پارىسىنى تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ياد ئېلىش، قىرائەت دەرسى، مەرھۇم ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللامنىڭ «ئاقائىد زورورىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» ناملىق كىتابلىرىنى تەپسىلىي شەرھلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىنى ياد ئېلىش، ئەرەب تىلى، ئاۋامىل، تەھسىل زوروورى، مۇختارات، ھىدايى نەھۋى، سەرىب فىقھى، ھەدىس دەرسلىرى ئۆتۈلدى. ئاخىرىدا بارلىق تالىپلارغا نىكاھ ئوقۇش، ئىسىم قويۇش، جۈمە نامىزىدا خۇتبە ئوقۇش، ۋەز-تەبلىغ قىلىش، مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەش، نامىزىنى چۈشۈرۈش، لەھەتكە ئەكىرىش قاتارلىق ئەمەلىي ئىشلار ۋە ھەربىر ئىمام-خاتىپ بىلىشكە تېگىشلىك زۆرۈر ساۋاتلار نەزەرىيە ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتكە باغلاپ دەرس ئۆتتۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئېتقادچى ئاممىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈلدى. سىياسەت-قانۇن، پەن-تېخنىكا دەرسلىرىدىن دىنىي سىياسەت، مىللىي سىياسەت، گوۋۇيۈەن، ئاپتونوم رايوننىڭ دىنىي ئىشلارغا دائىر مۇناسىۋەتلىك نىزام، بەلگىلىمە، قائىدىلىرى، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى، مەجبۇرى مائارىپ قانۇنى، دۆلەت بىخەتەرلىك قانۇنى، ئامانلىق ساقلاش، جازالاش نىزامى، پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى، يېزا ئىگىلىك قانۇنى، ئورمانچىلىق قانۇنى، كېۋەز تېرىش-باشقۇرۇش تېخنىكىسى، كۆچەت يېتىشتۈرۈش، ئۈزۈمچىلىك، باغۋەنچىلىك تېخنىكىسى ، چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق، بورداقچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىق دەرسلىكلەر ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆتۈلۈپ، كۇرسانتلار سىياسەت-قانۇن ساۋادى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ قاتارلىق پەن-تېخنىكا بىلىملىرىدىن مەلۇم ساۋاتقا ئىگە قىلىندى. مۇراسىم ئاخىرىدا تالىپلار ۋەكىللىرى سۆز قىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مۇشۇنداق ياخشى ئەمەلىي بىلىم ئېلىش شارائىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىگە، كەڭ ئېتقادچى ئاممىنىڭ قىزغىن قوللىغانلىقىغا، دىنىي ئۇستازلار ۋە قانۇن-سىياسەت، پەن-تېخنىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى تەييارلىق قىلىپ كۆپ بىلىم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۆز جايلىرىغا بارغاندىن كېيىن تەشكىلنىڭ ۋە ئۇستازلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ ئېتقادچى ئاممىنى توغرا يېتەكلەپ، دىنىنىڭ، خەلقنىڭ خىزمىتىنى بەجانىدىل ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاخىرىدا تالىپلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى. ئۈچتە ياخشى كۇرسانتلار، سىنىپ كادىرلىرى ۋە مۇددەررىسلەر قۇرئان كەرىم، تەپسىر، ھەدىس، فىقھى كىتابلىرى ۋە ماددىي بويۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. تالىپلارمۇ كۇرس تەشكىللىكە ۋە مۇددەررىسلەرگە خاتىرە بويۇمى تەقدىم قىلدى.

مۇراسىم تالىپلار ۋەكىلىنىڭ قىرائەت قىلىشى بىلەن باشلىنىپ يەنە قىرائەت قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.

(ئابلا تۇرسۇن)

## قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 9-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلار كۇرسى ئاخىرلاشتى

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 9-قارارلىق ۋەزىپىدىكى دىنىي ئىزباسارلار كۇرسى 5-ئاينىڭ 13-كۈنى ئاخىرلاشتى. بۇ قېتىمقى كۇرسقا ناھىيە تەۋەسىدىكى 17 يېزا (بازار) دىن كەلگەن دىنىي بىلىمى تۈۋەن ياش، ئوتتۇرا ياش ئىمام-خاتىپلار بولۇپ 100 نەپەر كىشى ئىشتىراك قىلدى، كۇرسانتلار قىسقىغىنە بىر ئايلىق كۇرس جەريانىدا ئىسلام دىنىغا دائىر ئاساسىي بىلىملەر، ئىلمىي تەجۋىد، قۇرئان تەپسىرى، ھەدىس ھەمدە قانۇن ساۋات بىلىملىرىنى ئۆگەندى.

كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زۇنۇن قارى ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە كۇرسنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ئىسمائىل ئابدۇسەلىم مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە كۇرسانتلاردىن ئۆز جايلىرىغا قايتقاندىن كېيىن، كەڭ خەلق ئاممىسىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، ناھىيە ئىقتىسادىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا يەنە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى شۆھرەت مۇھەممەد نىياز، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى پاشا ئىسمائىل، ناھىيىلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەت-دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

## قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە تۇنجى قارارلىق غەسساللار كۇرسى ئېچىلدى

قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە تۇنجى قارارلىق غەسساللار كۇرسى ئاچتى.

بۇ قېتىمقى كۇرسقا 70 نەپەر غەسسال ئىشتىراك قىلدى. بىر ھەپتە داۋاملاشقان بۇ كۇرستا كۇرسانتلار دىنىي بىلىم، مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەشكە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەندى. ئۇلار يەنە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلارنى ئۆگەندى ۋە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى.

كۇرسنىڭ ئاخىرلىشىش مۇراسىمىغا ناھىيە مەسئۇللىرىدىن شۆھرەت مۇھەممەد نىياز، پاشا ئىسمائىل قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

# ☆تۆھپىكار دىنىي زاتلار☆

▲**ئونسۇ** ناھىيىسى بازارلىق سىدە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلەت قارى ھاجىم ئۆزى باشلامچى بولۇپ مەسچىت جامائەتلىرىگە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق 10 توننا كۆمۈر، 7 خالتا ئاق ئۇن، 10 كىلوگرام ماي قاتارلىق 1555 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي نەرسىلەرنى يىغىپ، 70دىن ئارتۇق بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە ۋە نامراتلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆزى 300 يۈەن نەق پۇل ۋە 170 مېتىر قارا كاجى قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى 30 نەپەر قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئىشلەمچى يېزا ئىشلەمچى كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق موللا ئەيسا ھاجىم يەر تېرىپ، سودا تىجارەت بىلەن شوغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، ئىككى قېتىمدا 4100 يۈەن نەق پۇل ۋە 500 كىلوگرام ئۇن، 300 كىلوگرام گۈرۈچ، 52 كىلوگرام ماي، 16 قۇر ھەرخىل كىيىم-كېچەك قاتارلىق 3020 يۈەن قىممىتىدىكى ماددىي بويۇملارنى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، شۇنداقلا، بۇ يىلقى كېۋەز تېرىلغۇ جەريانىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنلىپ قالغان 6 نەپەر ئائىلىگە 10 مىڭ يۈەن شەخسىي پۇلنى ئۆسۈمسىز قەرز بېرىپ تۇرۇپ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى. يەنە ئىشلەمچى يېزا بەشمەرەك كەنتىدىكى دىنىي زات ئەمەر ھاجىم بۇ يىلقى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزىدا، ناماز ھەققى ئۈچۈن چۈشكەن 300 يۈەن نەق پۇلنى 7 نەپەر تۇل خوتۇن، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىگە ياردەم بەردى. ئۆز يېنىدىن 75 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ قىيىنچىلىقى بار ئىككى ئائىلىگە ياردەم بەردى. ساڭ ئالدى مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇسا قارى ھاجىم ئۆز يېنىدىن 80 يۈەن نەق پۇل، مەسچىتنىڭ مەبلىغىدىن 260 يۈەن ئاجرىتىپ 11 نەپەر نامرات ئائىلىگە ياردەم بەردى. **(مۇتەللىپ ئابدۇراخمان، ئەسقەر قوسەيىن)**

▲**توقسۇن** ناھىيە ئىلانلىق يېزا ئىلانلىق ئۇيغۇر جامە مەسچىتىنىڭ دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەت ئەزاسى 80 ياشلىق خۇيزۇ سالىر ھاجىم ھالال سودا-سېتىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئىلانلىق جامە مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا 60 مىڭ يۈەن پۇل ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى. توقسۇن ناھىيىسىدە سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەندە، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ئۇنتۇپ قالماي، 20 خالتا ئۇن-گۈرۈچ، 20 پارچە كىگىز سېتىۋېلىپ قىيىنچىلىقى بار نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. ئۇ يەنە توقسۇن ناھىيە يېتىم-يېسىرلار پاراۋانلىق ئورنىغا بىر پارچە گىلەم ۋە باشقا ماددىي بويۇملارنى ئىئانە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئېسىل پەزىلىتىنى نامايەن قىلدى. شۇنداقلا ھېيت-ئايەم كۈنلىرى تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلارنى يوقلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇلارنى گۆش ۋە ماددىي بويۇملار بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئۇ يەنە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار بىر نەپەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ۋە دىنىي زاتقا ئارىيەتكە بېرىپ تۇرغان 1000 يۈەن پۇلنى ئۇلاردىن كۆتۈرۈۋەتتى. **(شاھمەردان ئىمىنىياز)**

▲**مارالبېشى** ناھىيىسى ئالاغىر يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى. بۇ يېزىدا 259 نەپەر دىنىي زات بولۇپ، ئۇلار ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان تىرىشىپ ئىشلەپ، ھالال ئەمگىكى ئارقىلىق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتتى. ھۆددىگە ئالغان يەرلىرىنى پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ باشقۇرۇش بىلەن چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، ھويلا-ئارام ئىگىلىكى قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىللىق كىرىمنى 100 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات تۆت نەپەرگە، 50 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 15 نەپەرگە، 30 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرغان دىنىي زات 75 نەپەرگە يەتتى، 95 نەپەر دىنىي زات ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىشتا باشقىلارغا باشلامچى بولدى. ئۇلار بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماي، 13 نەپەر دىنىي زات مەكتەپ قۇرۇلۇشىغا 26 مىڭ 350 يۈەن ئىئانە قىلدى. 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپ ئىككى ئۆستەڭگە بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك سېلىپ بەردى. 75 نەپەر دىنىي زات 3700 يۈەن پۇل، 5450 كىلوگرام ئاشلىق ھەم 84 قۇر كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار 128 ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. ئۇلاردىن 17-كەنت 3-مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق دىنىي زات مەمتىمىن قارى ھاجى 1985-يىلدىن بۇيان دېھقانچىلىقلىرىنى ياخشى باشقۇرغاندىن سىرت باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھازىر ئائىلىسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوداۋاتقان كالا 102گە، قوي 212گە يەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ بانكىدا قويغان پۇلى 100 مىڭ يۈئەندىن ئاشتى. ئۇ بېيىغاندا باشقىلارنى ئۇنتۇپ قالماي، 28 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ جامائەتكە پىششىق خىش قۇرۇلمىلىق بىر مەسچىت سېلىپ بەرگەندىن باشقا، بەش نامرات ئائىلىگە 6 تۇياق قوي، 11 نامرات ئائىلىگە 750 يۈەن پۇل، 650 جىڭ ئاشلىق، 13 قۇر كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى ياردەم قىلدى.

(ئوسمانجان بارات ، ئازادگۇل رىشىت)

# ♥ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار♥

▲يېزا ئىگىلىك 3-دۈزىيە **51-تۈەن** 16-لىيەندىكى دېھقان ئوسمان ھەسەن يېقىندا تىز خاراكتېرلىك جىگەر ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغاندا، مۇشۇ لىيەندىكى مىجىت قاسىم ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، ئوسمان ھەسەنگە 13 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ كېسىلى خەتەرلىك باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتتى.

11-لىيەندە ئولتۇرۇشلۇق راخمان قارى نامرات، مېيىپ، تۇل، ياشانغان كىشىلەرگە 150 مىڭ يۈەن قىممىتىدە پۇل ۋە ئاشلىق ياردەم قىلىپ، كەڭ ئاممىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئۇ قاتناش-ترانسپورت، باغ تارتىش كەسىپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئالدىن بېيىغانىدى. ئۇنىڭ ھازىر 5 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مۇقىم مۈلۈكى بار. ئۇ بېيىغاندا يۇرتداشلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ 60 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ نامراتلارغا ياردەم قىلغانىدى. بۇلتۇر يەنە 90 مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ، 40 توننا ئۇن، گۈرۈچ سېتىۋېلىپ، نامرات ئائىلە، قېرى، مېيىپ كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى.

(مۆمىنجان قادىر، ئەنۋەر قادىر)

▲يېزا ئىگىلىك 3-دۈزىيە **53-تۈەن** 6-لىيەندىن تۇنىياز بۇ يىل ئىككى خىل مەبلەغنى ئۆز يېنىدىن سېلىپ، 6-لىيەندىن 1000 مو، 7-لىيەندىن 500 مو كۆھز تېرىپ، ئىش كۈتۈپ تۇرغان 70 نەپەر ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ئەتىياز پەسلى ئۇزۇكچىلىك بولغانلىقتىن بەشتە كاپالەتلەنگۈچى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار 10 دىن ئارتۇق ئائىلىگە كىيىم-كېچەك، ئاشلىق، پۇل بولۇپ 5000 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ياردەم قىلدى.

مىللىي 8-لىيەندىن يەككە تىجارەتچى ئەخەت ئاۋۇت بېيىغاندا سېخىلىق قىلىپ 1998-يىلى 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ سېتىۋالغان 20 تراكتور بىلەن ئىشسىز قالغان ۋە ئىش كۈتۈپ تۇرغان 50 دىن ئارتۇق ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئۇ يەنە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مىللىي مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق نەق پۇل ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە ئۇرۇقچىلىق لىيەندىن 400 مو يەر ھۆددىگە ئېلىپ ئىشسىز قالغان ۋە سىرتتىن ئىش ئىزدەپ كەلگەن 20 نەچچە ئارتۇق ئائىلىلىكنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قونالغۇ ۋە تۇرمۇش مەسىلىسىنى كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلىپ بەردى. 20 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ 8-لىيەنگە 8 دانە چوڭ كىچىك كۆۋرۈك، زاكو سېلىپ بېرىپ قاتناشنى راۋانلاشتۇردى. 8-لىيەندىكى تۇرمۇشتا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنى 20 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئاشلىق، ئۇن، كىيىم-كېچەك، پۇل بىلەن يوقلىدى، ئۇ 10 جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭ توي مەرىكىسىدە ئۇلار تۆلەشكە تېگىشلىك 8000 يۈەندىن ئارتۇق كىرا ھەققىنى تۆلىۋەتتى، ئۇ تىلغا ئېلىنسا، 53-تۈەندىكى ھەر مىللەت ئاممىسى ئۇنى ئالاھىدە ماختىشىدۇ.

53-تۈەن بازاردا ئولتۇرۇشلۇق بەخت ساتىراچخانىسىنىڭ ھۆددىگىرى، 28 ياشلىق راخمانجان ساتىراچلىق ھۈنىرىنى پۇختا ئىگىلەپ ھالال تەر ئاققۇزۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇ بېيىغاندا ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپ، مېيىپ، يېتىم-يېسىر، قىيىنچىلىقى بار 5 ئائىلىگە 1500 يۈەن ياردەم قىلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان 2800 نەپەر ئادەمنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ھەقسىز ئېلىپ، ياساپ، چۈشۈرۈپ قويىدى. ئوقۇغۇچىلاردىن ئىنژىل تۈردە باشتىن-ئاخىر يېرىم ھەق ئالدى ھەمدە

ئىش كۆتۈپ تۇرغان 15 نەپەر ياشنى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ شاگىرتلىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيىلەپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ چىقىش يولىنى تېپىپ بەردى.

(ھەسەنجان قارى)

▲ 53-تۇەن 9-لىيەندىكى ئالدىن بېيىغان ياش نۇرمۇھەممەد مەخەت يېقىندا يېڭى مەھەللە مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 700 مىڭ خىش، 8000 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى ھەمدە ئۈچ تونىنا ئاق ئۇن سېتىۋېلىپ ئائىلىدە قىيىنچىلىقى بار 100 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. يەرگە مەبلەغ سېلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان 5 ئائىلىگە 80 مو يەرنىڭ ھەر موسىغا 100 يۈەندىن تاپشۇرۇپ تېرىپ بەرگەندىن سىرت، 7 نامرات ئائىلىنىڭ ئائىلە باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا 10 مىڭ يۈەنلىك يەم-خەشەك تەييارلاپ بەردى ۋە 29 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ يېڭى مەھەللە ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا تۇرۇبا ياتقۇزۇپ ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاپ، ھالال ئەجرى ئارقىلىق تاپقان پۇلنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئىشلىتىپ كىشىلەرنىڭ قەلب تۆرىدىن ئورۇن ئالدى.

(مەلىكە روزى)

▲ خوشۇت ناھىيە ئۇششاقتال خويزۇ مىللىي يېزا ئۇششاقتال كەنت ئىككىنچى دۈيدىكى رابىيە باقى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ بېيىغاندىن كېيىن، نامرات، ئاجىز-مېيىپ، باققۇچىسى يوق ئائىلىلەرگە ساخاۋەتلىك قولىنى سۇنۇپ 1780 يۈەن قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلغاندىن سىرت، يېقىندا 1000 يۈەن قىممىتىدىكى تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىپ، 1-ئىيۇن باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن شارائىتى ناچار، چەت-يىراق كەنت دەرىجىلىك مەكتەپتىن ئۈچىگە ۋە ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىئانە قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا بولغان مەرىپەت سۆيەر قەلبىنى ئىزھار قىلدى.

(ھامۇتجان)

## ♥ ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىگە تەشەككۈر ♥

1. ئاقسۇ شەھىرىدىن: ئابدۇكېرىم 500 يۈەن؛
2. گۇما ناھىيىسىدىن: نىزامىدىن قارى 100 يۈەن؛
3. قۇمۇل شەھىرىدىن: سابىت قارى 60 يۈەن؛
4. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئىمىن غازى 50 يۈەن؛
5. ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: شەمسى قەمەر بەكرى 50 يۈەن؛
6. بىڭتۈەن 3-دىۋىزىيە 53-تۇەندىن: ئابدۇرېھىم ھەمەر قارىم 4 يۈەن؛
7. بىڭتۈەن 3-دىۋىزىيە 53-تۇەندىن: ياقۇپ سېيىت 4 يۈەن؛
8. بىڭتۈەن 3-دىۋىزىيە 53-تۇەندىن: سادىق ئابلا قارىم 4 يۈەن؛
9. يوپۇرغا ناھىيە بازىرىدىن: ئابلىمىت بۇلبۇل 10 يۈەن؛
10. كۇچۇلۇڭ ناھىيىسىدىن: سىدىق ئىبراھىم 10 يۈەن؛
11. گۇما ناھىيىسىدىن: مەمتىمىن ئابلىز ھاجى 10 يۈەن؛
12. يەكەن ناھىيىسىدىن: ئابدۇغېنى ھېكىم 10 يۈەن؛

### تۇرپان شەھىرىدىن ئىئانە قىلغۇچىلار

1. نۇرىدىن ھاجى خەلپىتىم 50 يۈەن؛
2. ئۇبەيدۇللا داموللا ھاجى 30 يۈەن؛
3. پاتەمخان داموللام 30 يۈەن؛
4. مۇھەممەت خاتىپ ھاجى 20 يۈەن؛
5. سادەتخان خەلپىتىم 10 يۈەن؛
6. مەسۇم ئاخۇن رىشت 10 يۈەن؛
7. نۇراخان داموللا ھاجە 10 يۈەن؛
8. كىرەيمخان خەلپىتىم 10 يۈەن؛

(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: شاھمەردان ئىمىننىياز)

### پوسكام ناھىيىسىدىن ئىئانە قىلغۇچىلار

1. تۇرسۇن 30 يۈەن؛
2. ئازادگۈل 30 يۈەن؛
3. تۇرانىساخان 20 يۈەن؛
4. گۈلسىماگۈل 20 يۈەن؛

(ئىئانىنى توپلاپ ئەۋەتكۈچى: تۇرسۇن)

«جوڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# ھېيت ـ ئايەملەرنىڭ ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىدىكى ۋاقتى جەدۋىلى①

## ھىجرىيە 1438-يىل (مىلادىيە 2016—2017-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | * 2016-يىل 10-ئاينىڭ 3-كۈنى | دۈشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 12-كۈنى | پەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 12-ئاينىڭ 12-كۈنى | دۈشەنبە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى | 2017-يىل 4-ئاينىڭ 23-كۈنى | يەكشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 11-كۈنى | پەيشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 27-كۈنى | شەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 21-كۈنى | چارشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 26-كۈنى | دۈشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 9-ئاينىڭ 2-كۈنى | شەنبە |

## ھىجرىيە 1439-يىل (مىلادىيە 2017—2018-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەرلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2017-يىل 9-ئاينىڭ 22-كۈنى | جۈمە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 10-ئاينىڭ 1-كۈنى | يەكشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 12-ئاينىڭ 1-كۈنى | جۈمە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2018-يىل 4-ئاينىڭ 12-كۈنى | پەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 30-كۈنى | دۈشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 16-كۈنى | چارشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 6-ئاينىڭ 10-كۈنى | يەكشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 15-كۈنى | جۈمە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 8-ئاينىڭ 22-كۈنى | چارشەنبە |

## ھىجرىيە 1440-يىل (مىلادىيە 2018—2019-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 2018-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى | چارشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 9-ئاينىڭ 21-كۈنى | جۈمە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 11-ئاينىڭ 21-كۈنى | چارشەنبە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 2019-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنى | سەيشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 20-كۈنى | شەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 6-كۈنى | دۈشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 31-كۈنى | جۈمە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 6-ئاينىڭ 5-كۈنى | چارشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 8-ئاينىڭ 12-كۈنى | دۈشەنبە |

① باش قىسمى ئۆتكەنكى سانلاردا

## ھىجرىيە 1441-يىل (مىلادىيە 2019—2020-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2019**-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى | يەكشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 9-ئاينىڭ 10-كۈنى | سەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 11-ئاينىڭ 10-كۈنى | يەكشەنبە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | **2020**-*يىل 3-ئاينىڭ 12-كۈنى | شەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 8-كۈنى | چارشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 4-ئاينىڭ 24-كۈنى | جۈمە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 19-كۈنى | سەيشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 24-كۈنى | يەكشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 31-كۈنى | جۈمە |

## ھىجرىيە *1442-يىل (مىلادىيە 2020—2021-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2020**-يىل 8-ئاينىڭ 20-كۈنى | پەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 8-ئاينىڭ 29-كۈنى | شەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 10-ئاينىڭ 29-كۈنى | پەيشەنبە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | **2021**-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى | چارشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 28-كۈنى | يەكشەنبە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 4-ئاينىڭ 13-كۈنى | سەيشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 5-ئاينىڭ 8-كۈنى | شەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 13-كۈنى | پەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 20-كۈنى | سەيشەنبە |

## ھىجرىيە 1443-يىل (مىلادىيە 2021—2022-يىل ئىچىدە)

| ھېيت-ئايەم ۋە خاتىرە كۈنلەر | ھىجرىيە | مىلادىيە | ھەپتە كۈنلىرى |
|---|---|---|---|
| يېڭى يىل | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | **2021**-يىل 8-ئاينىڭ 10-كۈنى | سەيشەنبە |
| ئاشۇرا | مۇھەررەم (1-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 8-ئاينىڭ 19-كۈنى | پەيشەنبە |
| مەۋلۇد | رەبىئۇلئەۋۋەل (3-ئاي) نىڭ 12-كۈنى | 10-ئاينىڭ 19-كۈنى | سەيشەنبە |
| مىراج | رەجەب (7-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | **2022**-يىل 2-ئاينىڭ 28-كۈنى | دۈشەنبە |
| بارات كېچىسى | شەئبان (8-ئاي) نىڭ 15-كۈنى كېچىسى | 3-ئاينىڭ 18-كۈنى | جۈمە |
| رامىزاننىڭ كىرىشى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 4-ئاينىڭ 3-كۈنى | يەكشەنبە |
| قەدىر كېچىسى | رامىزان (9-ئاي) نىڭ 27-كۈنى كېچىسى | 4-ئاينىڭ 28-كۈنى | پەيشەنبە |
| روزا ھېيت | شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى | 5-ئاينىڭ 3-كۈنى | سەيشەنبە |
| قۇربان ھېيت | زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى | 7-ئاينىڭ 10-كۈنى | يەكشەنبە |

ئىزا: *بەلگىسى قويۇلغان يىللار ھىجرىيىدىمۇ، مىلادىيىدىمۇ كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ.

(رەتلەپ ئىشلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھىجرىيە 1421 ـ يىللىق روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادى | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | شام-ئىفتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | (2000) 28.11 | سەيشەنبە | 4.34 | 5.36 | 7.21 | 12.20 | 14.27 | 16.43 | 17.28 |
| 2 | 29 | چارشەنبە | 4.34 | 5.36 | 7.21 | 12.20 | 14.26 | 16.42 | 17.27 |
| 3 | 30 | پەيشەنبە | 4.35 | 5.37 | 7.22 | 12.20 | 14.26 | 16.42 | 17.27 |
| 4 | 1.12 | جۈمە | 4.35 | 5.37 | 7.22 | 12.20 | 14.25 | 16.41 | 17.26 |
| 5 | 2 | شەنبە | 4.35 | 5.37 | 7.22 | 12.20 | 14.25 | 16.41 | 17.26 |
| 6 | 3 | يەكشەنبە | 4.36 | 5.38 | 7.23 | 12.20 | 14.24 | 16.40 | 17.25 |
| 7 | 4 | دۈشەنبە | 4.36 | 5.38 | 7.23 | 12.20 | 14.24 | 16.40 | 17.25 |
| 8 | 5 | سەيشەنبە | 4.36 | 5.38 | 7.23 | 12.20 | 14.24 | 16.40 | 17.25 |
| 9 | 6 | چارشەنبە | 4.37 | 5.39 | 7.24 | 12.20 | 14.23 | 16.39 | 17.24 |
| 10 | 7 | پەيشەنبە | 4.37 | 5.39 | 7.24 | 12.20 | 14.23 | 16.39 | 17.24 |
| 11 | 8 | جۈمە | 4.37 | 5.39 | 7.24 | 12.20 | 14.23 | 16.39 | 17.24 |
| 12 | 9 | شەنبە | 4.38 | 5.40 | 7.25 | 12.20 | 14.22 | 16.38 | 17.23 |
| 13 | 10 | يەكشەنبە | 4.38 | 5.40 | 7.25 | 12.20 | 14.22 | 16.38 | 17.23 |
| 14 | 11 | دۈشەنبە | 4.39 | 5.41 | 7.26 | 12.20 | 14.22 | 16.38 | 17.23 |
| 15 | 12 | سەيشەنبە | 4.39 | 5.41 | 7.26 | 12.20 | 14.22 | 16.38 | 17.23 |
| 16 | 13 | چارشەنبە | 4.40 | 5.42 | 7.27 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| 17 | 14 | پەيشەنبە | 4.40 | 5.42 | 7.27 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| 18 | 15 | جۈمە | 4.41 | 5.43 | 7.28 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| 19 | 16 | شەنبە | 4.41 | 5.43 | 7.28 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| 20 | 17 | يەكشەنبە | 4.42 | 5.44 | 7.29 | 12.20 | 14.20 | 16.35 | 17.21 |
| 21 | 18 | دۈشەنبە | 4.42 | 5.44 | 7.29 | 12.20 | 14.20 | 16.36 | 17.21 |
| 22 | 19 | سەيشەنبە | 4.43 | 5.45 | 7.30 | 12.20 | 14.20 | 16.36 | 17.21 |
| 23 | 20 | چارشەنبە | 4.44 | 5.46 | 7.31 | 12.20 | 14.19 | 16.35 | 17.20 |
| 24 | 21 | پەيشەنبە | 4.45 | 5.47 | 7.32 | 12.20 | 14.19 | 16.35 | 17.20 |
| 25 | 22 | جۈمە | 4.46 | 5.48 | 7.33 | 12.20 | 14.19 | 16.35 | 17.20 |
| 26 | 23 | شەنبە | 4.46 | 5.48 | 7.33 | 12.20 | 14.19 | 16.35 | 17.20 قەدىر كېچىسى |
| 27 | 24 | يەكشەنبە | 4.45 | 5.47 | 7.32 | 12.20 | 14.20 | 16.36 | 17.21 |
| 28 | 25 | دۈشەنبە | 4.45 | 5.47 | 7.32 | 12.20 | 14.20 | 16.36 | 17.21 |
| 29 | 26 | سەيشەنبە | 4.44 | 5.46 | 7.31 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| 30 | 27 | چارشەنبە | 4.44 | 5.46 | 7.31 | 12.20 | 14.21 | 16.37 | 17.22 |
| شەۋۋال 1 | 28 | پەيشەنبە | ھېيت | 5.45 | 7.30 | 12.20 | 14.21 | 16.38 | 17.23 |

### ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1. خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قومۇل شەھىرى | 6 | 2. قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5. غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6. كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7. سانجى شەھىرى | 5 |
| | | 8. شىخەنزى شەھىرى | 3 |

تۈزگۈچى: مۇھەممەد ھاجى

# ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلەردىن ئۈمىد

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

هۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئوقۇرمەنلەر:

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بىردىنبىر ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. ژۇرنال سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، تەھرىر بۆلۈمى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئالاقە-مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، قىممەتلىك ۋاقتىڭىزدىن ئاجرىتىپ، ژۇرنىلىمىز توغرىلىق تەكلىپ-پىكىرىڭىز ۋە تەلەپلىرىڭىزنى يوللاپ بېرىشىڭىزنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. سىز مۇۋاپىق كۆرگەن كاتەك ئىچىگە "✓" بەلگىسىنى قويۇڭ. جاۋابىڭىزنى كۈتىمىز. ئاللا تائالا سىزگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي-ئامىن!

## ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش جەدۋىلى

***ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئاساسلىق ئەھۋالى:**

. ئىسىم فامىلە:________ ئورنى:________

. جىنسى:________ . مىللىتى:________ .

**يېشى:**

| | | |
|---|---|---|
| 18–29 ياش □؛ | 40–49 ياش □؛ | 60–69 ياش □؛ |
| 30–39 ياش □؛ | 50–59 ياش □؛ | 70 ياشتىن يۇقىرى □؛ |

**كەسپى:**

| | | |
|---|---|---|
| دۆلەت مەمۇرى خادىمى □؛ | مائارىپچى □؛ | دېھقان □؛ |
| كارخانا-كەسپىي ئورۇن خادىمى □؛ | تىببىي خادىم □؛ | يەككە تىجارەتچى □؛ |
| ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتچىسى □؛ | ئوقۇغۇچى □؛ | باشقا ساھەدىكىلەر □؛ |
| دىنىي زات □؛ | ئىشچى □؛ | |

**مەدەنىيەت ساپاسى:**

| | | |
|---|---|---|
| ئالىي مەكتەپ □؛ | ئوتتۇرا تېخنىكوم □؛ | تولۇقسىز ئوتتۇرا □؛ |
| ئالىي تېخنىكوم □؛ | تولۇق ئوتتۇرا □؛ | باشلانغۇچ □؛ |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

***مۇشتەرى بولۇش ئەھۋالى :**

شەخسى مۇشتەرى بولغان ☐؛

تەھرىر بۆلۈمگە بىۋاستە مۇشتەرى بولغان ☐؛

شىنجاڭدىكى تارقىتىش پونكىتى ياكى جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرى ئارقىلىق مۇشتەرى بولغان ☐؛

ئىدارە-ئورۇن مۇشتەرى بولغان ☐

باشقىلارنىڭ قولىدىن ئېلىپ ئوقۇغان ☐؛

جايلاردىكى شەخسىي كىتاب يايمىسى ياكى كىتابخانىلاردىن سېتىۋالغان ☐؛

*** ژۇرنالنى ئوقۇش ئەھۋالى :**

(1) ئوقۇش جەريانىدا سىز دائىم قوللىنىدىغان ئۇسۇل:

باشتىن-ئاخىر ھەممىسىنى ئوقۇش ☐؛

ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ماقالىلەرنى تاللاپ ئوقۇش ☐؛

خالىغانچە ۋاراقلاپ كۆرۈپ، تەپسىلىي ئوقۇماسلىق ☐؛

ئۆزىڭىز ياخشى دېگەن ماقالىلارنى ياكى مەلۇم سان ژۇرنالنى باشقىلارنىڭمۇ ئوقۇپ كۆرۈشكە تەۋسىيە قىلىش ☐؛

(2) سىز ئەڭ قىزىقىدىغان ماقالىلەرنىڭ تۈرلىرى:

ئىلىم مەدەنىيەت تۈرىدىكى ماقالىلەر ☐؛

دىنىي بىلىم ۋە ساۋاتلار تۈرىدىكى ماقالىلار ☐؛

تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت تۈرىدىكى ماقالىلار ☐؛

خەۋەر تۈرىدىكى ماقالىلار ☐؛

ئۇچۇر-ماتېرىيال تۈرىدىكى ماقالىلار ☐؛

(3) مەزكۇر ژۇرنالنى ئوقۇشىڭىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب:

دىنىي جەھەتتىكى قانۇن-سىياسەتلەرنى ئىگىلەش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ☐؛

مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە قائىدە-يوسۇنلار بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ☐؛

چەت ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن ☐؛

دىنىي جەھەتتىكى بىلىمنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ☐؛

ئىچ پۇشقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ☐؛

*** تەكلىپ ۋە پىكىر**(باشقا قەغەزگە يېزىپ قىستۇرۇپ قويۇڭ)

(1) قايسى سەھىپىلەردىكى ماقالىلارنى دائىم ئوقۇيسىز ياكى ياقتۇرىسىز؟

(2) مەزكۇر ژۇرنالنىڭ قانداق سەھىپىلىرىنى كۆپەيتىشنى خالايسىز؟

(3) مەزكۇر ژۇرنالنىڭ بۇندىن كېيىنكى بەت لايىھىسىگە قانداق تەكلىپ ۋە ئۈمىدىڭىز بار؟

(4) شەرت-شارائىتىڭىز يار بەرسە ژۇرنىلىمىزنىڭ تارقىتىش خادىمى بولۇشنى خالامسىز؟

---

ئادرېسىمىز ۋە ئالاقىلاشقۇچى: بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجيې كوچىسى 103-قورو، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى شەمشىنۇر ھوشۇر.

پوچتا نومۇرى: 100053

**地址和联系人**:北京市宣武区南横西街 103 号

《中国穆斯林》维文编辑部:夏美希努尔　　邮政编码:100053

(**ئىزاھ :** بۇ قېتىمقى ئەھۋال ئىگىلەش ۋاقتى 10-ئاينىڭ 30-كۈنىگىچە، تەكلىپ-پىكىرلەرنى داۋاملىق ئەۋەتسىڭىز بولىدۇ.)



ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ دياۋيۇتەي دۆلەت مېھمانخانىسىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشتى.
(سۈرەتنى ليۇ چاڭشېڭ تارتقان)



جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن 6-ئاينىڭ 17-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن "دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقلىقى يىغىنى"غا قاتناشتى.
(سۈرەتنى چاڭ چىڭلياڭ تارتقان)



ئىران زۇڭتۇڭى خاتەمى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى كەچتە شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا زىيارەتتە بولدى.
(سۈرەتنى سۇ شىڭجى تارتقان)



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىددىن ھاجى 6-ئاينىڭ 11-كۈنىدىن 14-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن "دۇنيا ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەشى مەجلىسى"گە قاتناشتى.
(سۈرەتنى ۋېن جيەن تەمىنلىگەن)



مەككە مۇكەررەمەدىكى ھەرەم مەسچىتىنىڭ ئىمامى شەيخ ئابدۇرەھمان سۇدەيس 7-ئاينىڭ 4-كۈنى نيۇجيې مەسچىتىدە جەمئىيىتىمىز رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدى.
(سۈرەتنى ليۇ چاڭشېڭ تارتقان)



مەملىكەتلىك بىرلىكسەپ بۆلۈمى، دۆلەت دىن ئىشلار ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىغا قاتناشقان شىنجاڭلىق ۋەز-تەبلىغچىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشتى.
(سۈرەتنى لى ۋېنسەي تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001-يىللىق سانلىرىغا ۋە 2000-يىللىق توپلىمىغا مۇشتەرى بولۇڭ

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 1996-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيانقى 5 يىلدىن بېرى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ باردى، شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى تەشۋىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى. كېلەر يىلدىن باشلاپ ژۇرنالىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەزمۇن ۋە سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ مول ۋە كۆركەم قىلىپ چىقارماقچىمىز.

مەزكۇر ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. 2001-يىللىق سانلىرىنىڭ **تاق باھاسى 4 يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن**، ژۇرنىلىمىزنىڭ 2000-يىللىق توپلىمى 12-ئاينىڭ بېشىدا تۈپلىنىپ 4-سان ژۇرنال بىلەن تەڭ تارقىتىلىدۇ، **باھاسى 25 يۈەن.**

2001-يىللىق ژۇرنالغا ۋە 2000-يىللىق توپلامغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى باشلىنىپ 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلىشىدۇ. ژۇرنالغا يىللىق 100 دىن ئارتۇق، توپلامغا 30 دىن ئارتۇق مۇشتەرى ۋە پىلغۇچىلارغا %20 ، ژۇرنالغا 500 دىن ئارتۇق، توپلامغا 125 تىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا %23 ، ژۇرنالغا 1000 دىن ئارتۇق، توپلامغا 250 دىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا %25 ئېتىبار قىلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1999-يىللىق توپلىمىدىنمۇ ئازراق بار، سېتىۋالغۇچىلار تەھرىر بۆلۈمىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلسا بولىدۇ، 2001-يىللىق ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغۇچىلار جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش ئورۇنلىرىغا ياكى ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە بىۋاستە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ. مۇشتەرى توپلىغۇچىلار 2001-يىللىق ژۇرنالنىڭ پۇلىنى يىل ئاخىرىغىچە، 2000-يىللىق توپلامنىڭ پۇلىنى 11-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يوللاپ بولۇشى كېرەك، پۇل كېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇشتەرىلەر سانىغا قاراپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ ۋە تۈپلىنىدۇ(پۇلنى ئاددىي پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتىڭ).

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

ISSN 1007-5836
09>
9 771007 583001

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)
2000-يىل 3-سان (ئومۇمىي 56-سان) 2000年第三期(总56期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号:

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 4.00 يۈەن
公开发行 定价: 4.00 元